# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى

## 中亚信息

INFORMATION OF CENTRAL ASIA

2 '97

# 目　次　《中亚信息》

1997年第2期
（总第73期）


**经纬纵横**

新疆与中亚国家经济科技合作的有利条件 ……（3）
塔吉克斯坦的昨天与今天 …（8）
哈萨克斯坦经济改革概述 …（16）
向经济世界打开的窗口 ……（20）
哈萨克斯坦与土耳其的经贸关系 ……（23）
赢利的哈萨克斯坦铁路运输业 ……（27）

**法规**

哈萨克斯坦共和国国家税务委员倒和海关委员会关于增值税的命令 ……（30）

**西亚栏目**

巴基斯坦 ……（32）
巴基斯坦与中国的经贸关系 ……（33）
印度降低金属进口关税 ……（34）
印度放宽金属进口限制 ……（35）

**使用技术**

给牛喂大蒜好处多 ……（35）
棉田培肥综合措施 ……（36）

**边贸信息**

棉花高产高效工程动态 ……（37）
哈萨克斯坦大型冶金企业恢复生产 ……（39）
哈萨克斯坦经济出现转机 ……（40）
中西亚将修建国际油气输送管道 ……（42）
太阳能家电崭露头角 ……（43）
新疆边贸出口透行 ……（43）
哈“国际倒爷经济”占据重要位置 ……（45）
哈国政府采取新的政策对我口岸影响大 ……（45）
吉尔吉斯斯坦经济去年实现增长 ……（46）
亚美尼亚扩大免税进口 ……（46）
吉尔吉斯斯坦将实现第二阶段经济改革计划 ……（47）
哈萨克斯坦蜡烛价格大幅上涨 ……（47）
哈萨克斯坦经济减缓慢回升 ……（48）
哈萨克斯坦实行减免关税新决定 ……（48）
哈在巴甫洛达尔州又找到了新油气油田 ……（48）
俄外贸额大幅度提高 ……（49）


本期责任编辑：木叶斯赛尔

# پەن ـ تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچى

1997 - يىللىق
2 - سان

ئومۇمىي 73 - سان

قوش ئايلىق ژۇرنال

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25-
كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

بۇ ساننىڭ مەسئۇل
تەھرىرى :
مۆيەسسەر ئابدۇرېھىم
باھاسى : 3 يۈەن

## بۇ ساندا

«ماتېرىيال »

شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان ئىقتىساد ، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىدىكى پايدىلىق شارائىتلار ............ (3)
تاجىكىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى ............ (8)
قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى توغرىسىدا ............ (16)
ئىقتىساد دۇنياسىغا ئېچىلغان يول ............ (20)
قازاقىستان بىلەن تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ............ (23)
پايدا يارىتىۋاتقان قازاقىستان تۆمۈر يول ترانسپورت كەسپى ............ (27)

« قانۇن - بەلگىلىمە »

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى باج ئىشلىرى كومىتېتى ۋە تاموژنا كومىتېتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى ............ (30)

« غەربىي ئاسىيا سەھىپىسى »

پاكىستان ............ (32)
پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى ............ (33)
ھىندىستان مېتاللارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىدۇ ............ (34)
ھىندىستان قىممەت باھالىق مېتاللارنى ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋەتتى ............ (35)

« ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلار »

كالىغا ساماساق يېگۈزۈشنىڭ پايدىسى كۆپ ........................................ (35)
كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ........................................ (36)

« ئىقتىسادىي سودا خەۋەرلىرى »

كېۋەزچىلىك ئۇچۇرلىرى ........................................ (37)
قازاقىستاننىڭ چوڭ تېپتىكى مېتاللورگىيە كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى ...... (39)
قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى ........................................ (40)
ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا نېفىت تورۇبىسىنى ياتقۇزىدۇ ........................................ (42)
قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ........................................ (43)
شىنجاڭ چېگرا سودىسىدىكى ئېكسپورتنىڭ ماھىيىتى ........................................ (43)
قازاقىستان « خەلقئارالىق ئېلىپ ساتارلار ئىقتىسادى » مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى ........................................ (45)
قازاقىستان ھۆكۈمىتى قوللانغان يېڭى سىياسەت بىزنىڭ چېگرا سودىمىزغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى ........................................ (45)
قىرغىزستان ئىقتىسادىدا ئۆتكەن يىل ئىلگىرىلەش بولدى ........................................ (46)
ئەرمېنىيە باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى ........................................ (46)
قىرغىزستان ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنى يولغا قويماقچى ........................................ (47)
قازاقىستاندا شامنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى ........................................ (47)
قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى ئەھۋالى ئاستا - ئاستا ياخشىلانماقتا ........................................ (48)
قازاقىستان تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىشنىڭ يېڭى قارارىنى يولغا قويدى ........................................ (48)
قازاقىستان پوۋلودار ئوبلاستىدا يېڭى نېفىتلىكنى تاپتى ........................................ (48)
روسىيىنىڭ تاشقى سودا سوممىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى ........................................ (49)

# شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن بولغان ئىقتىساد، پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىدىكى پايدىلىق شارائىتلار

**1. ھەمكارلىشىشتىكى رايون ئەۋزەللىكى**

شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ياۋروپا - ئاسىيا بۆلىكىدە تۇرىدۇ. گېئولوگىلىيىلىك تۈزۈلمىسى ئۆزئارا تۇتىشىدۇ، ئالتاي تېغى، تىيانشان تېغى، كۇئېنلۇن تېغى قاتارلىق كان ھاسىل قىلغۇچى تاغلار شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنى بىرگەۋدە قىلىپ تۇرىدۇ. قازاقىستاننىڭ ئالتاي كان رايونى رەڭلىك مېتال بايلىقى بىلەن دۇنياغا مەشھۇر ھەم كۆپ مىقداردا قېزىلىدۇ. تىيانشان تاغ تىزمىسىنىڭ ئۆزبېكىستان قىسمىدىكى مۇلۇنتاغ چوڭ تىپتىكى ئالتۇن كېنىدىن ھەر يىلى 130 - 150 توننا ئالتۇن قېزىلىدۇ، بۇ دۆلىتىمىزدىكى ئالتۇن ئومۇمىي مىقدارىنىڭ ئىككى ھەسسىگە توغرا كېلىدۇ. قىرغىزىستاننىڭ سادكادور رايونى شىنجاڭنىڭ غەربىي تىيانشان رايونى بىلەن چېگرىلىنىدىغان بولۇپ ئۇ يەردە چوڭ تىپتىكى ئالتۇن كان ياتىمىسى بايقالدى. تاجىكىستاننىڭ پامىر رايونىدا چوڭ تىپتىكى قىزىل ياقۇت كان ياتىمىسى بايقالدى، شىنجاڭنىڭ قاراقۇرۇم تېغى، كۇئېنلۇن تېغى ۋە غەربىي تىيانشان رايونى پامىر رايونى بىلەن قوشنا بولۇپ كان ھاسىل قىلىشتىكى گېئوگىيىلىك شارائىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ يەر قىزىل ياقۇت ئېچىلاشتىكى پايدىلىق جايلاردۇر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ئېچىلانغان كان بايلىقى ناھايىتى مول. بولۇپمۇ رەڭلىك مېتال ۋە قىممەتلىك مېتاللار، بىراق كان ھاسىل قىلغۇچى بۇ بەلباغلارنىڭ شىنجاڭدىكى قىسمىدىن چوڭ تىپتىكى كان مەھسۇلات بازىسىنى تاپقىلى بولمايدۇ.

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيدىكى بەش دۆلەتنىڭ يەر تەۋرەش قۇرۇلمىسى ئوخشايدۇ، يەر تەۋرەش ھەرىكىتىنىڭ مۇناسىۋىتى زىچ. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى دۆلەتلەر يۇقىرى يەر تەۋرەش رايونى بولۇپ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يەر تەۋرەشنى تەتقىق قىلىشتىكى مۇھىم رايونى بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر يەر تەۋرەش تۈزۈلمىسى ۋە يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلام قۇرۇلمىسىنى تەكشۈرۈشتە مول نەزەرىيە ۋە تەجرىبىگە ئىگە. شىنجاڭمۇ يۇقىرى يەر تەۋرەش رايونى بولۇپ يەر تەۋرەشتىن ئالدىن مەلۇمات بېرىش ۋە ئاپەتتىن ئومۇميۈزلۈك مۇداپىئەلىنىش تەتقىقاتىدا مول تەجرىبىگە ئىگە. يەر تەۋرەشتىكى ئورتاق ئالاھىدىلىك ۋە ئۆزلىرىدە بار بولغان تېخنىكىلار پەن - تېخنىكا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇشتىكى پايدىلىق شارائىتلاردۇر.

تۈركمەنىستاننىڭ كۆلىمى 490 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ، 90%ى قۇم بىلەن قاپلانغان، تىپىك ئېغىر قۇرغاق رايوندۇر.

تۈركمەنىستان قۇملۇق تەتقىقات ئورنى 70 ـ
يىللاردىن بۇيان تۈركمەنىستاندا ۋە دۇنيا دائى-
رىسىدە يەرنىڭ قۇملىشىش تەتقىقاتىنى ئېلىپ
باردى ھەم بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ
ھاۋالىسىگە ئېرىشىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرگە ئې-
رىشتى . شىنجاڭدا مەشھۇر تەكلىماكان قۇملۇقى
بار . قۇمنى تىزگىنلەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك
نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى . بۇ ئىككى تەرەپ-
نىڭ قۇملىشىش تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشىدىكى
ئاساس .

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆ-
لەتلەرنىڭ ھەممىسى قۇرغاق ، يېرىم قۇرغاق را-
يونغا تەۋە ، يامغۇر مىقدارى ئاز ، پارغا ئايلىنىش
كۆپ ، سۇ مەنبەسى بىر قەدەر كەمچىل بولۇپ ،
سۇ بۇ دۆلەتلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ،
سانائەت يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ، شۇنداقلا
خەلق تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرى-
دۇ . ئېرتىش دەرياسى ، ئىلى دەرياسى ، ئاقسۇ
دەرياسى شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن
ئۆتىدۇ ، ھەر ئىككى تەرەپ چېگرىدىن ھالقىغان
سۇ مەنبەسىدىن پايدىلىنىشقا ناھايىتى ئەھمىيەت
بېرىدۇ . شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆ-
لەتلەر دېھقانچىلىق ۋە چارۋىچىلىقنى ئاساس قى-
لىدۇ ، دېھقانچىلىقتا ئاساسەن سۇغىرىشنى ئاساس
قىلىدۇ ، سۇغىرىش دېھقانچىلىقى ، شورلۇق يەر-
لەرنى تىزگىنلەش ۋە يەرنى تەرتىپكە سېلىش ،
ياخشىلاش جەھەتتە ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ئاز
بولمىغان تەجرىبىلىرى بار ، ھەممىسى ئالاقىلى-
شىش ۋە ھەمكارلىشىپ تەتقىق قىلىشنى ئارزۇ
قىلىدۇ .

شىنجاڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆ-
لەتلەرنىڭ ئېكولوگىيىلىك مۇھىتى ئاساسەن
ئوخشايدۇ . ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەر تۈرلىرى-
نىڭ ياشاش ھالىتى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتى-
دۇ . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەرنىڭ ھايۋانات ،
ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى بىر قە-
دەر بالدۇر باشلانغان ، نەتىجىلىرى بىر قەدەر
كۆپ ، قوغداش خىزمىتىمۇ ناھايىتى ياخشى .
شىنجاڭدا ئەسلىدە بار بولغان بىر قىسىم ھايۋا-
نات ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەي-
لىدىن نەسلى قۇرۇپ كەتتى ، بىراق ئوتتۇرا ئا-
سىيادا يەنىلا ياشاپ تۇرماقتا . مەسىلەن سايگاك
بۆكىنى دەسلەپتە دۆلىتىمىزنىڭ گەنسۇ ئۆلكىسى
رايونىدا ياشىغان بولۇپ كېيىن ئوتتۇرا ئاسىيا
رايونلىرىغا كۆچكەن ، بىراق ھازىر دۆلىتىمىزدە
سايگاك بۆكىنىنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى ، قازا-
قىستاندا بولسا بىر مىليون تۇياقتىن كۆپ ياۋا
بۆكەن بار . ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىنىڭ مۈشۈك
ئائىلىسى ، دوغداق ئائىلىسى ، چاشقان تۈرىدىكى
ھايۋانات بايلىقى ناھايىتى مول ، ئۆسۈملۈك تۈر-
لىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئې-
غىر ئەھۋاللارغا چۈشۈپ قالغان ئۆسۈملۈكلەرنى
قوغداش خىزمىتىگىمۇ ئەھمىيەت بېرىدۇ . ھايۋا-
نات ، ئۆسۈملۈك بايلىقىنى قوغداش ، تەكشۈرۈش
ۋە تەتقىق قىلىش خىزمىتى ئىككى تەرەپنىڭ
ئىلمىي تەتقىقات ۋە ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئېھتى-
ياجى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى دۇنيانىڭ قۇرغاق
رايون ھايۋانات ، ئۆسۈملۈكلىرىنى تەتقىق قىلى-
شىغا قوشقان تۆھپىدۇر .

**2 . ھەمكارلىشىشتىكى ئېتنوگرافىك ئىق-
تىساد ئەۋزەللىكى**

دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەت-
لەر بىلەن بولغان دوستانە ھەمكارلىقى ئۇزاق تا-
رىخقا ئىگە . قەدىمىي يىپەك يولى شىنجاڭ ئارقى-
لىق ئوتتۇرا ئاسىياغا تۇتىشاتتى : تاڭ ، خەن ،
يۈەن ، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى دۆلەتلەر شىنجاڭ ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ
ئىچكى قىسمىدىكى ئۆلكىلەر بىلەن ئالاقە ئېلىپ
باراتتى . تارىختا شىنجاڭدىكى 13 مىللەت ئىچى-
دىكى 10 مىللەت چېگرىدىن ئۆتۈپ ئوتتۇرا ئاسىيا

رايوندا ئولتۇراقلىشىپ قالغان، ئۇلار بىلەن تىل - يېزىق، ئۆرپ - ئادەت، دىنىي ئېتىقاد قاتارلىق تەرەپلەردە ئوخشاش تەرەپلىرىمىز بار. ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا يەنە 80 مىڭدىن كۆپرەك خۇيزۇ مىللىتى بار، ئۇلار چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە شەنشى، گەنسۇ رايونىدا قوزغىلاڭ كۆتەرگەن خۇيزۇلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىدۇر. ئوتتۇرا ئاسىيا، غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا 300 مىڭدىن كۆپ جۇڭگولۇق سودىگەر، جۇڭگولۇق مۇھاجىرلار بار، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ قىسمى دۆلىتىمىزدىكى ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىدۇ، يۇرتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇلار پەن - تېخنىكا، ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقى ئېلىپ بېرىشتا ئىنتايىن پايدىلىق.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ يېرى كەڭ، تەبىئىي بايلىقى مول، ئۇلار كېۋەزچىلىك، باغۋەنچىلىك، چارۋىچىلىق ۋە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىدۇ. قىرغىزىستان شىنجاڭنىڭ غەربىي جەنۇبىي قىسمى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، چارۋىچىلىقى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان، تېرىقچىلىقى ئاشلىق ۋە پۇرچاقنى ئاساس قىلىدۇ. قازاقىستان شىنجاڭنىڭ شىمالىي قىسمى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئاشلىق، قىزىلچا، كېۋەز ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. تاجىكىستان شىنجاڭنىڭ جەنۇبىي قىسمى بىلەن چېگرىلىنىدۇ، ئۇ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونى، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 40% نى تەشكىل قىلىدۇ، بىرلىك مەھسۇلاتى ئەڭ يۇقىرى، ئۆزبېكىستان كېۋەز ئۆستۈرۈشنى ئاساس قىلىدۇ، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 70% نى تەشكىل قىلىدۇ. مەھسۇلات مىقدارى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 65%نى ئىگىلەيدۇ، مېۋە - چېۋە مەھسۇلاتى مول بولۇپ، مەھسۇلات مىقدارى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 60% نى ئىگىلەيدۇ. تۈركمەنىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىككىنچى چوڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىش رايونىدۇر، كېۋەز تېرىلغۇ كۆلىمى تېرىلغۇ كۆلىمىنىڭ 51%نى ئىگىلەيدۇ. چارۋىچىلىقى، باغۋەنچىلىكمۇ ناھايىتى تەرەققىي قىلغان، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ھەممىسىدە يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسى قۇرۇلغان، ئۇنىڭغا قاراشلىق تۈرلۈك تەتقىقات ئورۇنلىرى تەسىس قىلىنغان، ئالىي دەرىجىلىك تەتقىقات خادىملىرى كۆپ، تەتقىقات كۈچى مول بولۇپ، پەن - تەتقىقات نەتىجىلىرىنىڭ كېڭىيىشىگە ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئىلمىي تەتقىقات، ئومۇملاشتۇرۇش، ئىشلەپچىقىرىشنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش تەدبىرىنى قوللىنىپ دېھقانچىلىق ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. شىنجاڭ ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى بىلەن تاغ - سۇ ئارقىلىق تۇتىشىپ تۇرىدۇ، دېھقانچىلىق بايلىقى ۋە كلىمات شارائىتى ناھايىتى ئوخشىشىپ كېتىدۇ، شۇنداقلا دۆلىتىمىزنىڭ كېۋەز، چارۋىچىلىق، مېۋە - چېۋە ئىشلەپچىقىرىش رايونى. ئىككى تەرەپنىڭ پەن - تېخنىكا نەتىجىلىرىنى، ئىشلەپچىقىرىش تەجرىبىلىرىنى ئۆزئارا ئەينەن قىلىشقا بولۇپلا قالماستىن بەلكى بەزى تەرەپلەردىكى تېخنىكىلارنى بىۋاسىتە كىرگۈزۈشكە بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر قەدەر كۈچلۈك بولغان ئۆزئارا تولۇقلاشچانلىققا ئىگە.

قازاقىستاندا مول كۆمۈر ۋە تەبىئىي گاز زاپىسى بار، پولات - تۆمۈر، رەڭلىك مېتال سانائىتى بىر قەدەر تەرەققىي قىلغان. مىس ۋە سىنىكنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ 50% نى، قوغۇشۇن 70% نى ئىگىلىگەن بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يېقىلغۇ ۋە رەڭلىك مېتال سانائەت بازىسى بولغان.

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ يۇقىرى تېخنىكا مەركىزىنىڭ بىرى بولغان بەكنۇر ئالەم پورتى قازاقىستاندا بولۇپ، بۇ پورت 1957 ـ يىلى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى يەر شارى سۈنئىي ھەمراھىنى قويۇپ بەردى. ئۆزبېكىستاننىڭ ئىقتىسادى قازاقىستاندىن سەللا كېيىن تۇرىدىغان بولۇپ ئاساسلىق كان مەھسۇلاتى كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز ۋە رەڭلىك مېتال. 9000 سانائەت كارخانىسى بار، ئېغىر سانائىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. ماشىنىسازلىق سانائىتى ئىلغار ئورۇندا تۇرىدۇ. پايتەختى تاشكەنتنىڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ياساش زاۋۇتى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئەڭ چوڭ دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ياساش زاۋۇتىدۇر. چىرچىق قېزىش ماشىنىسى زاۋۇتى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئەڭ چوڭ قېزىش ماشىنىسى زاۋۇتىدۇر. تاشكەنت ئايروپىلان ياساش زاۋۇتى مىگاتىپلىق رېئاكتىپ ئايروپىلان بىلەن ИЛ–76 تىپلىق يولۇچىلار ئايروپىلانى ياساپ چىقىرالايدۇ. تاجىكىستاننىڭ رەڭلىك مېتال، نېفىت، تەبىئىي گاز زاپىسى ناھايىتى كۆپ. سۇ ئېلېكتر بايلىقىنىڭ يوشۇرۇن مىقدارى 32 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. 200 نەچچە ئېغىر سانائەت كارخانىلىرى بار. قىرغىزىستاندا بىر قەدەر مول بولغان ئاز ئۇچرايدىغان مېتال بايلىقى بار. سىماپ، سۈرمە كانى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى بويىچە ئەڭ كۆپ ئىدى، ئېلېكتر، ئېلېكترون سانائىتى، يېنىك سانائەت بۇ دۆلەتنىڭ ئاساسلىق سانائىتى بولۇپ 500 نەچچە سانائەت كارخانىسى بار. سۇ ئېلېكتر ئېنېرگىيە زاپىسى تەخمىنەن 16 مىليون كىلوۋات بولۇپ سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. تۈركمەنىستاننىڭ تەبىئىي گاز زاپىسى 20 تىرىللىئون كۇب مېتىر بولۇپ ئوتتۇرا ئاسىيادا بىرىنچى ئورۇندا، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئاساسلىق سانائىتى نېفىت ۋە تەبىئىي گاز چارلاش، قېزىش، خىمىيە سانائىتى، يېنىك سانائەت، ئېنېرگىيە، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى قاتارلىقلار. پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 363 سانائەت كارخانىسى بار. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەتنىڭ سانائىتى ئۆز يېرىنىڭ بايلىقى ۋە شارائىتىدىن پايدىلىنىپ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، بەلگىلىك سانائەت ئەۋزەللىكىنى شەكىللەندۈرگەن، بىراق سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئىقتىسادىي تەقسىماتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇستەقىل دۆلەت بولۇپ تۇرغان بولسىمۇ، كەسىپ قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق ئەمەس، تەرەققىياتى تەكشى ئەمەس، يېزا ئىگىلىكى، يېنىك سانائەت، ئېغىر سانائەتنىڭ نىسبىتى تەڭپۇڭلۇقنى يوقاتقان، ئىستېمال بۇيۇملىرى سانائىتى ئارقىدا قالغان بولۇپ، مۇكەممەل بولغان سانائەت سىستېمىسى بەرپا قىلىنمىغان. بىر قىسىم سانائەت تەرەققىي قىلغان بولسىمۇ بىراق مەھسۇلات تۈرلىرى تولۇق ئەمەس، مەسىلەن، كان قېزىش، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ماشىنىلىرى، توقۇمىچىلىق، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئاپتوماتلاشقان ئۈسكۈنىلەر قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم دەرىجىدە ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى بولسىمۇ بىراق مەھسۇلات تۈرلىرى خېلىلا كەمچىل.

شىنجاڭنىڭ ئالتاي تېغى، تىيانشان تېغى ۋە كۇئېنلۇن تېغىدا قارا مېتال، رەڭلىك مېتال، ئاز ئۇچرايدىغان ۋە قىممەتلىك مېتاللار، مېتاللورگىيە، خىمىيە سانائىتى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدا ئىشلىتىلىدىغان غەيرىي مېتال كان بايلىقى بار. ھازىرغىچە 122 خىل كان مەھسۇلاتى بايقالغان بولۇپ، دۆلىتىمىزدە بار بولغان كان تۈرلىرىنىڭ 65%تىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە نېفىت 20 ـ 40 مىليارد توننا، كۆمۈر 2 تىرىللىئون 200 مىليارد توننا بولۇپ،

پۈتۈن مەملىكەتتىكى كۆمۈر مەھسۇلات ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 40.6% نى ئىگىلەپ ، مەملىكەت بويىچە 1 - ئورۇندا تۇرىدىكەن . ھازىر شىنجاڭدا پولات - تۆمۈر ، كۆمۈر ، نېفىت ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ، خىمىيە سانائىتى ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ، رەڭلىك مېتال ، ئاز ئۇچرايدىغان مېتال ، ئالتۇن تاۋلاش قاتارلىق سانائەتلەر ۋە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان كانچىلىق سانائەت سىستېمىسى بار . 2000 - يىلىغا بارغاندا كۆمۈرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1991 - يىلىدىكى 21 مىليون توننىدىن 30 مىليون توننىغا ، خام نېفىتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 1991 - يىلىدىكى 7 مىليون توننىدىن 20 مىليون توننىغا يېتىدىكەن . شىنجاڭدا بەش ماي ئايرىش زاۋۇتى بار ، ئومۇمىي پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى 5 مىليون توننىغا يېتىدۇ ، ماي تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار 191 خىل بولۇپ ، ئۇنىڭ ئىچىدە 30 نەچچە تۈرى دۆلەت ئىچىدىكى ئىلغار سەۋىيىسگە يەتتى ، 148 خىل نېفىت خىمىيە سانائەت مەھسۇلاتى دۆلەت ئىچىدىكى بازارلاردا سېتىلىدۇ ، 19 تۈرى خەلقئارا بازارغا كىردى . « 1 - ئاۋغۇست » پولات تۆمۈر زاۋۇتى دۆلىتىمىزدىكى 500 چوڭ كارخانىنىڭ بىرى بولۇپ ، پولاتنىڭ مەھسۇلات مىقدارى ھازىرقى 400 مىڭ توننىدىن 1 مىليون توننىغا يېتىدۇ . ئالتۇن ئىشلەپچىقىرىشى مەملىكەت بويىچە 21 - ئورۇندىن 9 - ئورۇنغا ئۆتتى . شىنجاڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ چوڭ لىتىيلىق تۇز زاۋۇتى بولۇپ 300 نەچچە خىل مەھسۇلات دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا سېلىنىدى . قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى 30 نەچچە تۈرگە ، مەھسۇلاتى 600 نەچچە خىلغا يېتىپ دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى بازارلارغا سېلىنىدى . ئۇنىڭدىن باشقا شىنجاڭنىڭ يېنىك سانائەت ، توقۇلما ۋە يېمەكلىك سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى داۋاملىق كېڭەيمەكتە دېھقانچىلىق ، قاتناش ، پوچتا - تېلېگراف ، ئالاقە ئىشلىرى پۇختا قەدەم بىلەن راۋاجلانماقتا . ماشىنىسازلىق ، ئېلېكترون ۋە باشقا يۇقىرى يېڭى تېخنىكىلارنى ئايلىنىش قىلغان كەسىپ قۇرۇلمىسىدا يەرلىك سانائەت ئۈستۈن تۇرىدىغان تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللەندى . رايونلارنىڭ مۇۋاپىق كەسىپ قۇرۇلمىسى شەكىللىنىۋاتىدۇ ، بىراق شىنجاڭ تەرەققىي قىلغان رايون ۋە تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا سانائەتلىشىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتقان بولۇپ ، كەسىپ قۇرۇلمىسى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى سەۋىيىدە تۇرماقتا . شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئېلىپ بېرىش ، مەبلەغ ، تېخنىكىلارنى كىرگۈزۈش ، بايلىق مەنبەلىرىنى ئېچىش كۆلىمىنى كېڭەيتىش ، پىششىقلاپ ئىشلەش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۈچىنچى كەسىپنى ماس قەدەمدە راۋاجلاندۇرۇش ، بولۇپمۇ ياۋرۇپا ، ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىدىن تولۇق پايدىلىنىش ، شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى دۆلەتلەر ۋە قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ۋە پەن - تېخنىكا مۇناسىۋىتىنى كۈچەيتىش كېرەك ، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئىككى تەرەپنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق .

### 3 . ھەمكارلىشىشتىكى خەلقئارا مۇھىت

ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلىتىمىز بىلەن ياۋرۇپا ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان ، ياۋرۇپا ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى دۆلىتىمىز ئارقىلىق ئوتتۇرا ئاسىيادىن ئۆتۈپ ياۋرۇپاغا تۇتىشىدۇ . چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكى شەرقتىن غەربكىچە ئاسىيا - ياۋرۇپا ئىككى قىتئەسىدىكى يەتتە دۆلەتنى بېسىپ ئۆتىدۇ ، ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 10 مىڭ 970 كىلومېتىر . ئاسىيا ، ياۋرۇپا قىتئەسى

دۇنيادىكى ئاھالىسى ئەڭ كۆپ ، كۆلىمى ئەڭ چوڭ قىتئەلەر بولۇپ ، تەبىئىي بايلىقى مول ، ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسى بىر قەدەر يۇقىرى ، بازارنىڭ يوشۇرۇن كۈچى ناھايىتى چوڭ . ئاسىيا ياۋروپا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇق كۆۋرۈكىنىڭ تۇتاشتۇرۇلۇشى ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بەش دۆلەت ۋە شىنجاڭنىڭ پەن - تېخنىكىسى ۋە ئىقتىسادىي سودا تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا ھەمكارلىقىغا پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى ئىككى تەرەپنىڭ باشقا دۆلەت ۋە رايون بىلەن بولغان ئالاقە ، ھەمكارلىقىغىمۇ پايدىلىق ، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلىنىپ ، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرى مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن ، ئۆتكۈنچى باسقۇچتا تۇردى ، سىياسەتنى مۇقىملاشتۇرۇش ، ئىگىلىكنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن ، سىرتقا قارىتا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش ، تەرەققىيات يولىنى ئىزلەش ، قوشنا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرۇش كېرەك . دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى تېز سۈرئەتتە راۋاجلانماقتا . پەن - تېخنىكا ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز بولماقتا ، دۆلەت ئىچىدە چوڭ بازارلار بار . ئىسلاھات ، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش دۆلىتىمىزنىڭ تۈپ سىياسىتى . ئىككى تەرەپنىڭ پەن - تېخنىكا ، ئىقتىسادىي ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىش ، ئىككى تەرەپنىڭ مەنپەئىتىگە ماس كېلىدۇ . (02)

# تاجىكىستاننىڭ ئۆتمۈشى ۋە بۈگۈنى

تاجىكىستان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پارس تىلىدا سۆزلىشىدىغان بىردىن - بىر دۆلەت . يەر كۆلىمى 13 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر ، بۇنىڭ %93ى تاغلىق يەر ، ئاھالىسى 5 مىليون 600 مىڭ . تاجىكلار %65 ، ئۆزبېكلەر %23 ، رۇسلار %8 ، تاتارلار %1.4 ، قىرغىزلار %1.3 نى ئىگىلەيدۇ . ئاھالىنىڭ %80 ى مۇسۇلمان .

1991 - يىلى 9 - ئايدا تاجىكىستان مۇستەقىللىقنى ئېلان قىلىشى بىلەن تەگلا رايونلار ئارا سىياسىي توقۇنۇشقا دۇچ كەلدى . بۇ خىل سىياسىي ھوقۇقنى تالىشىش سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدە يوشۇرۇن ئىدى ، لېكىن تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن بۇ خىل توقۇنۇش تەرەققىي قىلىپ قانلىق ئۇرۇشقا ئايلاندى . 1992 - يىلدىن 1993 - يىلغىچە بولغان ئۇرۇشتا 50 مىڭ ئادەم ئۆلدى ، 850 مىڭ ئادەم مۇساپىر بولدى .

1992 - يىلى 11 - ئايدا ئالىي سوۋېت پارلامېنتى سابىق كۇرىيابىسكى ئوبلاستىدىكى مەلۇم بىر دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ باشلىقى ئىراخمانوۋنى رەئىس يەنى دۆلەت باشلىقى قىلىپ تەيىنلىدى .

**تاجىكىستاننىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى**

تاجىكىستان مۇستەقىل بولغاندىن كېيىن سىياسىي ئىقتىساد فاڭجېنى ۋە چەت ئەللەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى . ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەر

گەرچە ئۆزئارا يېقىن قوشنا بولسىمۇ ، لېكىن
روسىيە يەنىلا تاجىكىستاننىڭ ئاساسلىق شېرىكى
بولغان . راخمانوۋ ئىلگىرى ۋە ھازىرمۇ روسىيە
بىلەن بىر گەۋدە بولۇش ئۈچۈن ئەڭ زور كۈچ
چىقارماقتا . 1995 ـ يىلى 5 ـ ئايغىچە ، تاجىـ
كىستان مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا
دۆلەتلەر ئىچىدە رۇبلى ئىشلىتىدىغان بىردىن ـ
بىر دۆلەت بولۇپ كەلدى . تاجىكىستان يەنىلا
رۇبلى ئىشلىتىشنى ئۈمىد قىلىدۇ . شۇڭا ئۇ بىر
قىسىم ھاكىمىيەتتىن ۋاز كېچىشكە تەييارلىق قىلىـ
ماقتا ( ئەگەر پۇل تۈزۈمى ھەمكارلىقىنى يولغا
قويسا تاجىكىستاننىڭ دۆلەت خام چوتى روسىيە
مەركىزىي بانكىسىنىڭ نازارەت قىلىپ باشقۇرۇ-
شىغا ئۇچرايدۇ ) . تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ
خىل ئۇسۇلى تاجىكىستاننىڭ ئىقتىساد جەھەتتە
روسىيىگە زور دەرىجىدە يۆلىنىدىغانلىقىنى ، شۇ-
نىڭ بىلەن بىرگە سىياسىي ھەربىي ئىشلاردىمۇ
روسىيىنىڭ قوللىشىغا ئېھتىياجلىق بولىدىغانلىـ
قىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ . كرېمىل سارىيىدىـ
كىلەرمۇ راخمانوۋنى بۇ جەھەتتە قوللىدى . رو-
سىيە چېگرا مۇداپىئە ئارمىيىسى ئافغانىستاندىن
كەلگەن ئۆكتىچىلەرنىڭ زور كۆلەمدە قوراللىق
تاجۇۋۇز قىلىشىغا قارشى تۇرۇشتا ئاساسلىق كۈچ
بولۇپ قالدى .

ئۆزبېكىستان دۆشەنبىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىـ
يادىكى مۇھىم شېرىكى ، چۈنكى تاجىكىستاندىن
دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا بارىدىغان يول
ئۆزبېكىستان ئارقىلىق ئۆتىدۇ . ئۆزبېكىستان بىـ
لەن تاجىكىستاننىڭ بىر مەزگىللىك ياخشى مۇ-
ناسىۋىتى ھازىر روشەن ھالدا سۇسلىشىپ قالـ
دى . ئۆزبېكىستاننىڭ زۇڭتۇڭى ئىسلام كېرىموۋ
تاجىكىستاننىڭ روسىيىگە بولغان يېقىن دوستانە
قائىدىنىڭ نارازى ، ھەتتا بەزىدە تاجىكىستانغا
بېسىم ئىشلىتىشكە ئۇرۇندى . مەسىلەن : ئۆزبېـ
كىستان بىلەن تاجىكىستان ئوتتۇرىسىدىكى

چېگرىنى ئېتىۋېتىش ، تەبىئىي گاز بىلەن تەمىنـ
لەشنى توختىتىش قاتارلىقلار . تاشكەنتكە بولغان
تايىنىشنى ئازايتىش ئۈچۈن ، تاجىكىستان مەبلەغ
تـوپلاپ گورنو ـ باداخشان ئوبلاستىدىن قارا-
قۇرۇم .تاش يولىغىچە بولغان تاش يول لىنىيەـ
سىنى قۇرۇشنى پىلانلىدى . بۇ قۇرۇلۇش پۈتـ
كەندىن كېيىن ( قۇرۇلۇشقا ئاگاخان فوند جەمـ
ئىيىتى مەبلەغ سالىدۇ ) تاجىكىستان ھىندى
ئوكيانغا ( كاراچى پورتىغا ) ۋە جەنۇبىي ئاسىيا-
دىكى بارلىق دۆلەتلەرگە تۇتىشىدىغان يولغا ئىگە
بولىدۇ .

تاجىكىستان ئاشلىق بىلەن ئاساسلىق تە-
مىنلىگۈچى دۆلەت قازاقىستان بىلەن مۇقىم مۇنا-
سىۋەتنى ساقلاپ كەلمەكتە . يەر مەسىلىسى تېخى
ھەل قىلىنىپ بولمىغاچقا قىرغىزىستان بىلەن
دوستلۇق ھەمكارلىق كېلىشىمى تېخى تۈزۈلمە-
دى .

1995 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئاشخابادتا بىر
تۈرلۈك كېلىشىم تۈزۈلدى ، بۇ كېلىشىمگە ئاسا-
سەن تۈركمەنىستان تاجىكىستاننى نېفىت بىلەن
تەمىنلەيدىغان ئاساسلىق دۆلەت بولۇپ قالدى .

تاجىكىستان ئامېرىكا ، گېرمانىيە ، ئىران
ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەر بىلەنمۇ زىچ ئىقتىـ
سادىي ئالاقە ئورناتتى ، بۇ مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇش-
نىڭ ئازابىنى تارتقان تاجىكىستاننىڭ مەۋجۇت
بـولۇپ تۇرۇشى ئۈچۈن پايدىلىق بولدى . ئافغا-
نىستاندا گەرچە ئىچكى ئۇرۇش بولىۋاتقان بولـ
سىمۇ تىل ۋە مىللەت جەھەتتىكى ئوخشاشلىق
تـۈپەيلىدىن ئافغانىستان تاجىكىستاننىڭ ئىچكى
توقۇنۇشىغا ناھايىتى كۆڭۈل بۆلىدۇ ۋە تاجىكىسـ
تان بىلەن كابۇل ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇ-
ناسىۋەتنى تېخىمۇ ياخشىلاش ئۈچۈن شارائىت
ھازىرلايدۇ .

**ئىقتىسادىي جەھەتتە**

دۆلەتنىڭ مۇستەقىل بولىشىغا ئەگىشىپ

تاجىكىستاننىڭ ئىقتىسادى ئىنتايىن شۇك ھالەتتە
تۇرۇپ قالدى . ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى ئۇ-
رۇش ، سىياسەتنىڭ داۋالغۇشى ۋە 1992 - يى-
لىدىن بۇيانقى ئېغىر بۇزغۇنچىلىق ئىقتىسادنىڭ
ئومۇمىيۈزلۈك كىرىزىسقا ئۇچرىشىدىكى سەۋەب
بولۇپ قالدى . بۇ خىل كىرىزىس تۇپەيلىدىن
ئەسلىدىكى سودا ۋە پۇل تۈزۈمىنىڭ خاراپلى-
شىشى تېخىمۇ ئېغىر بولدى . ئىقتىسادىي ئەھۋال
يىلدىن - يىلغا ناچارلاشتى . 1995 - يىلى تا-
جىكىستان ئۆز دۆلىتىنىڭ پۇلىنى تارقاتقان بول-
سىمۇ لېكىن ۋەزىيەت يەنىلا ياخشىلانمىدى . كى-
رىزىسنىڭ پەيدا بولۇشى ، پۇل مىقدارى تاۋار
مىقدارىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كېتىشى پۇلنىڭ
پاخاللىششىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى . 1995 -
يىلى 5 - ئايدىكى پېرېۋوت نىسبىتى 50 تاجى-
كىستان رۇبلىسى بىر ئامېرىكا دوللىرىغا تەڭ
بولدى ، 10 - ئايدا بىر ئامېرىكا دوللىرى 300
رۇبلىغا ، شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا 500 رۇبلىغا تەڭ
بولدى . ستاتىستىكا قىلىنىشىچە ، 1995 -
يىلى 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە پۇلنىڭ پاخاللى-
شىش نىسبىتى ئىستېمال دائىرىسىدە %472 ،
ئوخشاش مەزگىلدە يېمەكلىك دائىرىسىدە %573 ،
تاۋار دائىرىسىدە %452 ، ئەمگەك مۇلازىمىتى
جەھەتتە %292 بولدى .

گەرچە ھۆكۈمەت تىرىشقان بولسىمۇ ،
لېكىن دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى يەنىلا
تۆۋەنلەپ كەتتى . 1994 - يىلى مىللىي ئىشلەپ-
چىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىللىئون 717
مىليارد 980 مىليون روسىيە رۇبلىسى بولۇپ ،
كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئىشلەپچىقىرىش
قىممىتى پەقەت 99.7 ئامېرىكا دوللىرى . 1995 -
يىلى ئالدىنقى سەككىز ئايدىكى ئىشلەپچىقىرىش
مىقدارى 17 مىليارد 862 مىليون تاجىكىستان
رۇبلىسى بولۇپ بۇ 1994 - يىلىدىكىگە قارىغاندا
%14 ئاز . ھۆكۈمەتنىڭ خەۋەر قىلىشىچە 1995 -
يىلى خام چوتتىكى قىزىل رەقەم 2 مىليارد 205
مىليون تاجىكىستان رۇبلىسى بولدى .

مانا مۇشۇنداق ئىقتىسادىي ئەھۋال ئاس-
تىدا ، تاجىكىستاننىڭ قەرزدار دۆلەت بولۇپ قې-
لىشى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس . 1995 -
يىلى 9 - ئايدا تاجىكىستاننىڭ تاشقى قەرزى
860 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . مۇتە-
خەسسىسلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە تاجىكىستاننىڭ
قەرزى يەنە كۆپىيىدىكەن . تاجىكىستان زۇڭلىسى
كېرىموۋنىڭ سۆزىدىن قارىغاندا ، 1996 - يىلى
تاجىكىستان 246 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى
ئاجرىتىپ ئۆتكەنكى قەرزنىڭ ئۆسۈمىنى تۆلەي-
دىكەن .

. تاجىكىستاننىڭ مۇستەقىل دۆلەتلەر بىر-
لەشمىسىدىكى ئەزا دۆلەتلەردىن ئالغان قەرزى
ئومۇمەن 180 مىليارد روسىيە رۇبلىسى بولۇپ ،
روسىيە بۇ دۆلەتلەر ئىچىدىكى ئاساسلىق قەرز
بەرگۈچى دۆلەت . 1995 - يىلى تاجىكىستاننىڭ
ئىچكى قەرزى 700 مىليارد رۇبلى بولدى ، بۇنىڭ
ئىچىدىكى 400 مىلياد رۇبلى كەم تارقاتقان مۇ-
ئاش ، پېنسىيە پۇلى ۋە قوشۇمچە ياردەم پۇلىدىن
ئىبارەت .

1994 - يىلى تاجىكىستاننىڭ ئېكسپورت
سوممىسى 423 مىليون 900 مىڭ ئامېرىكا دول-
لىرى ، ئىمپورت سوممىسى 538 مىليون 900 مىڭ
ئامېرىكا دوللىرى بولدى ، بۇلار ئارىسىدىكى پەرق
115 مىليون ئامېرىكا دوللىرى . ئاساسلىق تاشقى
پېرېۋوتنىڭ كېلىش مەنبەسى پاختا ۋە ئاليومىن ،
ئاليومىننى ئاساسلىق سېتىپ ئالغۇچى دۆلەت
گوللاندىيە ( %61) . پاختىنى ئاساسلىق سېتىپ
ئالغۇچى دۆلەت شۋېيتسارىيە ، ئامېرىكا ، لاتۋىيە
ۋە ئاۋىستىرىيەدىن ئىبارەت .

ئاساسلىق ئىمپورت قىلىنىدىغان مەھ-
سۇلاتلار يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى ، دانلىق زىرائەت-
لەر ، ئۇسكۇنە ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى ۋە مې-

نېرال ئوغۇت قاتارلىقلار . ئاساسلىق سودا شېرىكلىرىدىن روسىيە ، ئاۋستىرىيە ، قازاقىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەر بار .

دۆلەتنىڭ ئەمگەك بوش ئورنى گەرچە زور دەرىجىدە ئازايغان بولسىمۇ ، لېكىن ھۆكۈمەتنىڭ ستاتىستىكا قىلىشىغا قارىغاندا ئىشچىلار ئارىسىدا ئىشسىزلار پەقەت 2% ، چۈنكى نۇرغۇنلىغان ئىشسىزلار ئىش تەلەپ قىلىش ئورنىغا بېرىپ تىزىملاتمىغان . تاجىكىستاندا يەنە بىر خىل يوشۇرۇن ئىشسىزلىق ھالىتى بولۇپ ، ئۇ ئۇزۇن مۇددەتلىك دەم ئېلىشتىن ئىبارەت . بۇ خىل ئەھۋال تاجىكىستاننىڭ كارخانىلىرىدا ئومۇمىيۈزلۈك مەۋجۇت . ستاتىستىكا قىلىنىشىچە 1994 - يىلى ئىشسىزلار 144 مىڭ 731 كىشى بولۇپ ، 1995 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە 65 مىڭ 479 ئادەمگە چۈشتى .

### خۇسۇسىيلاشتۇرۇش

تاجىكىستاننىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ئىشلىرى « خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قانۇنى » ماقۇللانغاندىن كېيىن قانۇنىي ئورۇنغا ئىگە بولدى . بۇ قانۇن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى كوللېكتىپ ۋە يەككە ئىگىلىكتىكى كارخانىلارغا ئايلاندۇرۇش جەريانىنى ۋە چەت ئەللەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىشكە بولىدىغانلىقىنى بەلگىلىدى . بۇ قانۇنغا ئاساسەن خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇشتا ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنى ئىجارىگە بېرىش ( كېيىن سېتىپ ئالغان يېڭىدىن ئىجارىگە بېرىلگەن مال - مۈلۈكنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ، پاي چېكى تارقىتىش ، مۇددەتكە بۆلۈپ قەرز تۆلەش شەكلى ئارقىلىق كوللېكتىپ ۋە چەت ئەللەرگە سېتىپ بېرىش ، شەخس ۋە قانۇنىي كىشىلەرگە ھەقسىز ئۆتۈنۈپ بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ . 1994 - يىلىنىڭ باشلىرىدىن بۇيان شېرىكلىشىپ قۇرۇلغان 152 كارخانا ئىچىدە 81 كارخانا شۇ كارخانىدىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىلكىدە ، 38 كارخانا شېرىكلەشكەن كارخانا بولدى ، 22 كارخانا ئىجارىگە بېرىۋېتىلدى . 850 كارخانا 1994 - يىلدىن ئاۋۋال خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان ، 1994 - يىلى 340 كارخانا خۇسۇسىيلاشتۇرۇلدى . بۇ كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەبلىغى 20 مىليارد 79 مىليون 800 مىڭ روسىيە رۇبلىسىغا يېتىدۇ . خۇسۇسىيلاشتۇرۇلغان بۇ كارخانىلار ئىچىدە سانائەت كارخانىلىرى 11.4% نى ، قۇرۇلۇش كارخانىلىرى 4.37% نى ، سودا كارخانىلىرى 6.3% نى ، مۇلازىمەت كەسپى 21.6% نى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى 0.88% نى ئىگىلەيدۇ .

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلار ، گەرچە تاجىكىستان ھۆكۈمىتى بازار ئىسلاھاتىنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇشنى قايتا - قايتا تەشەببۇس قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن دۆلەت ئىچىدىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا ئاستا بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى . بۇنىڭ سەۋەبى : بيۇروكراتلىق تۈزۈمنىڭ توسقۇنلۇق قىلىشى ، سىياسەتنىڭ مۇقىم بولماسلىقى ، قانۇن - تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولمىغانلىقىدا . 1995 - يىلى 9 - ئايدا تاجىكىستان خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى تېزلىتىش توغرىسىدا .زۇڭتۇڭ بۇيرۇقىنى ئېلان قىلدى ، 11 - ئايدا پارلامېنت خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى قانۇنىغا زور ئۆزگىرىش كىرگۈزۈپ ، شەخسلەرنىڭ ھېساباتى ئارقىلىق خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشنىڭ ئىجتىمائىي ئاساسىنى كېڭەيتتى ، ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەندىن كېيىنكى قانۇندا دۆلەت مال - مۈلۈكنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى ئىجتىمائىي نازارەت قىلىش توغرىلىق كونكرېت بەلگىلىمىلەر يوق .

دۆلەتنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تەرەققىياتى ئىككى باسقۇچ ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ .

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا دۆلەت خۇسۇسىيلاشتۇرۇش كومىتېتى ۋە ھەر قايسى ئوبلاستلاردىكى تارماق كومىتېتلار مەسئۇل بولىدۇ ، ھەر قايسى شەھەر ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارغا شۇ شەھەردىكى مەمۇرىي دائىرىلەر مەسئۇل بولىدۇ .

خۇسۇسىيلاشقان كارخانىلاردا چەت ئەل كاپىتالى ناھايىتى ئاز . گەرچە تاجىكىستان ھۆكۈمىتىنىڭ چەت ئەل زاۋۇت ۋە ماگىزىنلىرىغا نىسبەتەن روشەن ئېتىبار بېرىش سىياسىتى بولسىمۇ ، لېكىن چەت ئەللەردىكى خۇسۇسىيلاشقان بۇ زاۋۇت ۋە ماگىزىنلار تاجىكىستاننىڭ سىياسىتى مۇقىم بولمىغانلىقىدىن ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىنىڭ چېرىكلىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ، تاجىكىستانغا مەبلەغ سېلىشقا ئالدىرىمايدۇ .

ھازىر ، تىزىمغا ئالدۇرغان 182 شېرىكلەشكەن كارخانا ئىچىدە پەقەت 50 كارخانىلا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى . بۇ كارخانىلار ئارىسىدىكى « زەرەپشان » شىركىتى جۇمھۇرىيەتنىڭ شىمالىدىكى تالۇۋ ۋە كىلار ئالتۇن كانىنى قازىدىغان تاجىكىستان بىلەن ئەنگلىيە شېرىكلىشىپ قۇرغان كارخانا بولۇپ ، بۇ كارخانىنى ئەنگلىيە « فېدېراتسىيە ۋە كان ئىشلىرى » شىركىتى تاشقى پېرېۋوت ھەم زامانىۋىي تېخنىكا بىلەن تەمىنلەيدۇ ، قازاقىستان مەملىكەتلىك سانائەت كومىتېتى ئۇزۇن مۇددەتلىك پاي ، ئەمگەك كۈچى ۋە كان نۇقتىلىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ . 1995 - يىلى 7 - ئايغىچە بۇ شىركەتنىڭ قولغا تەگكەن پۇل 25 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ، لايىھە پۇتۇش قىممىتى 160 مىليون ئامېرىكا دوللىرىدىن 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا ، ئالتۇننىڭ يىللىق قېزىلىش مىقدارى 10 - 12 توننىغا يەتتى .

خۇسۇسىيلاشقان كارخانىلار تاجىكىستاندا ئۆز رولىنى روشەن جارى قىلدۇرالمىدى ، زاۋۇت ۋە ماگىزىنلار شۇ يەرلىك دائىرىنىڭ ۋە بىر قىسىم جىنايەتچىلەرنىڭ قانۇنسىز زەربە بېرىشىگە ئۇچراپ تۇردى . 1993 - يىلى قۇرۇلغان ئوتتۇرا ۋە كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ باش جەمئىيىتىمۇ بۇ كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغدىيالمىدى .

**چەت ئەللەرنىڭ تاجىكىستانغا ياردەم بېرىش ئەھۋالى**

بىپايان يايلاققا جايلاشقان تاجىكىستان خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ياردىمىگە مۇھتاج . 1992 - يىلىدىن 1994 - يىلىغىچە بولغان ۋاقىتتا ئامېرىكا تاجىكىستانغا 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ياردەم قىلىشتىن سىرت يەنە 20 مىليون ئامېرىكا دوللىرىنى ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم پۇلى قىلدى . ئىرانمۇ تاجىكىستانلىق مۇساپىرلارنى 16 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق كىيىم - كېچەك ، دورا ۋە چېدىر قاتارلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم ھەم 50 مىليارد ئېتىبار بېرىش قەرز پۇلى بىلەن تەمىنلىدى . تۈركىيە 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز پۇل ۋە 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق ئىنسانپەرۋەرلىك ياردەم بىلەن تەمىنلىدى . 1995 - يىلى 4 - ئايغىچە تاجىكىستاننىڭ روسىيىدىن ئالغان قەرز پۇلى 35 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى . ياۋروپا ئىتتىپاقى TASIS پىلانىغا ئاساسەن 9 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرلىق تېخنىكا ياردەم قىلدى .

تاجىكىستان خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىدىن ھېچقانداق قەرز پۇلغا ئېرىشەلمىدى . تاجىكىستان ھۆكۈمىتى يېڭى پۇلنى تارقىتىشتىن ئاۋۋال خەلقئارا پۇل فوندى تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن 50 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز ئېلىش توغرىسىدا سۆھبەت ئۆتكۈزدى .

**باج ئىشلىرى**

تاجىكىستاننىڭ باج قانۇنى 1994 - يىلى

ماقۇللانغان بولۇپ ، تۆۋەندىكى باج تۈرلىرى بەلگىلەندى : قىممىتى ئاشقان باج ، بەزى تاۋارلارنىڭ ئىستېمال بېجى ، بانكا ئۆسۈمى بېجى ، سۇغۇرتا ئۆسۈمى بېجى ، پۇل ئالماشتۇرۇش كەسپى بېجى ، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بېجى ، كارخانا پايدا بېجى ، شەخسلەر تاپاۋەت بېجى ۋە ترانسپورت ماشىنا ئىگىدارچىلىق بېجى قاتارلىقلار .

باج قانۇنىدا بەلگىلەنگەن كارخانا ۋە تەشكىلاتلارنىڭ ئېرىشكەن پايدىسى ئۈچۈن تاپشۇرىدىغان باج سوممىسى تۆۋەندىكىچە :

1 - كارخانا ۋە تەشكىللەر ( چەت ئەل كاپىتالى 30% تىن تۆۋەن بولغان شېرىكلەشكەن كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 40% ؛

2 - چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر ( چەت ئەل كاپىتالى 30% تىن تۆۋەن بولغان شېرىكلەشكەن كارخانىلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) 32% ؛

3 - پۇل ئالماشتۇرۇش ئورۇنلىرى ۋە ۋاستىچىلەر ئىش بېجىرىش ئورۇنلىرى ، ۋاستا كارخانا ، سودا كارخانىلىرى 60% .

باج قانۇنىدا چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر پەقەت تاجىكىستاندا ئېلىپ بارغان تىجارىتىنىڭ پايدا بېجىنىلا تاپشۇرىدۇ ، دەپ بەلگىلەندى . چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر يەنە ئۆزى تۇرغان شېرىكلەشكەن كارخانىنىڭ پاي ئۆسۈمى ۋە پىرسەنت ئاجرىتىشتىن ئېرىشكەن پايدا ئۈچۈن 15% پايدا بېجى تاپشۇرىدۇ . 20% ئەسەر هوقۇقى ، ئىشلىتىش هوقۇقى ۋە ئىجارىگە بېرىش هوقۇقىدىن بەھرىمەن بولىدۇ . چەت ئەللىك ۋەكالەتچىلەر ئارىسىدا خەلقئارا كېلىشىم بويىچە باج تاپشۇرۇشتا ئېتىبار بېرىش هوقۇقى بارلار باج ئورگانلىرىغا بۇ ھەقتىكى ئىسپاتنامىسىنى كۆرسىتىشى كېرەك .

جۇمھۇرىيەتنىڭ باج قانۇنىغا ئاساسەن ، ۋەكالەتچىلەر ئوخشاشلا 20% قىممىتى ئاشقان باج تاپشۇرىدۇ ، 3% يىللىق يول ئاسراش ھەققى تاپشۇرىدۇ ( بۇ 1994 - يىلى 6 - ئايدىن باشلاپ يولغا قويۇلغان ئالاھىدە باج بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ) .

تاجىكىستان گراژدانلىرى ، چەت ئەللىكلەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكى بولمىغانلارمۇ تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدۇ ، تاپاۋەت بېجى سوممىسى ئەمەلىي كىرىمنىڭ ئاز - كۆپلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ . تاجىكىستاندىكى چەت ئەللىكلەر تاجىكىستان گراژدانلىرىغا ئوخشاشلا قوشۇمچە كىرىمى ئۈچۈن تاپاۋەت بېجى تاپشۇرىدۇ . ئەگەر چەت ئەللەردىن كەلگەن كىرىمى بولسا چوقۇم بۇ ھەقتە باج ئورۇنلىرىغا مەلۇمات قىلىشى كېرەك .

ئاپتوموبىل ترانسپورت ئىگىلىرى مەيلى تەبىئىي شەخسلەر ياكى ۋەكالەتچىلەر بولسۇن ئوخشاشلا بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئالاھىدە باج تاپشۇرىدۇ . باج سوممىسى ھەر بىر ئات كۈچى ئۈچۈن ئەڭ تۆۋەن مۇئاشنىڭ 0.25% — 0.50% تاپشۇرىلىدۇ .

ئاھالىلەر يەنە مال - مۈلۈك ( ئۆي ، تۇرالغۇ جاي ، داچا ۋە پاراخوت ) بېجى تاپشۇرىدۇ ، باج سوممىسى مال - مۈلۈك قىممىتىنىڭ 0.1% ( شەخسلەر مال - مۈلۈك باج قانۇنىغا ئاساسەن ) بولىدۇ .

بەزى تاۋارلارنى ساتقاندا مەسىلەن : هاراق ، تاماكا ، ئۈنچە - مەرۋايىت ، گىلەم ، تېرە ، پاختا تالاسى ۋە ئاليۇمىن كانى قاتارلىقلارنى ساتقاندا ئىستېمال بېجى تاپشۇرىدۇ .

يۇقىرىدىكى ھەر تۈرلۈك باجلارنىڭ تولۇقلىمىسى بولۇش سۈپىتىدە تاجىكىستاندا يەنە بىر قىسىم باج ۋە پۇل تاپشۇرۇش تۈرلىرى بار .

### بانكا ۋە باشقا پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى

پۇل مۇئامىلە سىستېمىسىدا ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغىنى بانكا بولۇپ بۇنىڭ بەزىلىرى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى مەزگىلىدىن قالغان .

تاجىكىستاندىكى %90 تىن كۆپرەك قەرز پۇلنىڭ ھەممىسى « شاكىر » يېزا ئىگىلىك سانائەت بانكىسى ، ئولنىتر بانكىسى ۋە تاجىكىستان سودا بانكىسى ئارقىلىق كىرگەن . ئامانەت قويۇش بانكىلىرى ئاساسەن ئاھالىلارنىڭ شەخسى ئامانەت پۇلنى قوبۇل قىلىدۇ ، كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىش جەھەتتە زور رول ئوينىمايدۇ . دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكىلار مۇھىم ۋاستىچى بولۇپ ، تاجىكىستان بانكىسى يەنىلا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى ئۇسۇل بويىچە مۇلازىمەت ئېلىپ بارماقتا .

پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر قايسى بانكىلار ئوخشاش بولمىغان ئەھۋالغا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ يەنى : دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بانكا ، شېرىكلىشىپ قۇرغان سودا بانكىسى ، سودا بانكىسى ۋە ھەمكارلىق بانكىسى . تاجىكىستاندا دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىككى چوڭ بانكا بار ئۇلار : دۆلەت بانكىسى ۋە ئامانەت بانكىسىدىن ئىبارەت ، دۆلەت بانكىسى ئاھالىلارنىڭ ھېسابات دەپتىرىدىكى ئامانەت قويغان پۇلنى قوغداشقا مەسئۇل بولىدۇ . شېرىكلەشكەن سودا بانكىسى ، سودا بانكىسى ۋە ھەمكارلىق بانكىسى قاتارلىقلار پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى جەھەتتە ئوخشاش ئەمەس . ئەگەر شېرىكلەشكەن بانكا قوشۇمچە كاپىتالنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن پاي چېكى تارقىتىش ھوقۇقىغا ئىگە دېسەك ، ئۇنداقتا سودا بانكىسى ۋە ھەمكارلىق بانكىسى پەقەت شۇ بانكىنى قۇرغۇچىلارنىڭ فوندىدىنلا تايىنىدۇ .

تاجىكىستاندا بىر قەدەر تۇراقلىق بولغان ئاتاغلىق بانكىلاردىن « شاكىر » بانكىسى ، ئولنىتر بانكىسى ، تاشقى ئىقتىساد بانكىسى ، توز بانكىسى ، سومىن بانكىسى ۋە ئاۋئىنا بانكىسى قاتارلىقلار بار .

دۈشەنبە بانكىسى ئاجرىتىپ بېرىش مۇلازىمىتىنى ئادەتتە 2 ـ 3 كۈن ئىچىدە تاماملاپ بولىدۇ . بىر قەدەر چەت جايلاردىكى بانكىلار 5 ـ 7 كۈندە تاماملاپ بولىدۇ . ئەمەلىيەتتە قاتناش مەسىلىسى ياكى ئۇسكۇنىلەرنىڭ كونىراپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن ئاجرىتىپ بېرىش مۇلازىمىتىنى تاماملاش ئۈچۈن 5 ـ 7 كۈن ، يىراق جايلاردا 30 كۈن كېتىدۇ . دۆلەت بانكىسى يېڭى بانكىلارنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەسئۇل بولىدۇ ، دۆلەت بانكىسى ئادەتتە ئالتە ئاي ئىچىدە يېڭى بانكا قۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلتىماسنى مۇزاكىرە قىلىپ رەسمىي يەكۈن چىقىرىدۇ . تاجىكىستاندىكى ھەر بىر بانكىدا ئاز دېگەندە ئۈچ قۇرغۇچى بولۇش كېرەك ، ھەر قانداق ئادەم بانكىنىڭ مۇقىم پۇلىدىن %35 تىن يۇقىرىنى ئىگىلىۋېلىشقا بولمايدۇ .

دۆلەت ئىچىدىكى ھەر قايسى پۇل مۇئامىلە ئورۇنلىرى خىزمەتلەرنى تۆۋەندىكى قانۇن ـ بەلگىلىمىلەر بويىچە ئېلىپ بارىدۇ : بانكا ۋە بانكا كەسپى قانۇنى ، جۇمھۇرىيەت دۆلەت بانكا قانۇنى ، ئاكسىيە بېرژا قانۇنى ۋە سۇغۇرتا قانۇنى . تاجىكىستاندا خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنىڭ دەرىجىسى بىر قەدەر تۆۋەن بولغانلىقتىن ، بەزى قانۇنلار تېخى ئەمەلىيلەشمىدى ، قىممەتكە ئىگە ئاكسىيە بازىرىنىڭ ئەھۋالىمۇ ئانچە ياخشى ئەمەس .

دۆلەت بانكىسى زۇڭتۇڭ ۋە پارلامېنتنىڭ بەلگىلىمە تەرتىپىگە ئاساسەن ، ئالدى بىلەن يېزا ئىگىلىكى ، ئېنېرگىيە ۋە ئۆزگەرتىپ قۇرۇش خىزمىتىگە پۇل قەرز بېرىدۇ . تاجىكىستان رۇبلىسىنىڭ باھاسى تۆۋەن بولغانلىقتىن يىللىق ئۆسۈمى %160 كە يەتتى . تاشقى پېرېۋوت قەرز پۇلنىڭ يىللىق ئۆسۈمى %15 ـــ %20 .

ئەگەر سودا بانكىسىنىڭ پىلانلىق پۇل ئاجرىتىشقا كېتىدىغان يېتەرلىك مەبلىغى بولمىسا ، دۆلەت بانكىسىغا ئۆز تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ . دۆلەت بانكىسى رەنىگە قويۇش ياكى ئۈچىنچى تەرەپنىڭ كېپىللىك قىلىشى بىلەن قەرز بېرىدۇ . رەنىگە قويۇشنىڭ ئادەتتىكى شەكىلل-

رىدىن : ئامباردا ساقلانغان تاۋارلار ، كىچىك قىممەت پۇللۇق تاۋارلار ( بانكىنىڭ بىخەتەر ساندۇقىدا ساقلىنغىلى بولىدىغان ) ۋە ماشىنا قاتارلىقلار بار ، بەزى ۋاقىتتا كاپىتال ۋە ئاساسىي ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلەتسىمۇ بولىدۇ .

هەر قايسى ئىقتىسادىي دائىرىلەر

1 . يېزا ئىگىلىكى : يېزا ئىگىلىكى تاجىكىستاننىڭ ئاساسلىق ئىقتىسادىي تارمىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ . يېزا ئىگىلىكى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئاھالىلەر يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلەيدۇ ، بۇنىڭ 50% ى پاختا . يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ بارلىق كۆرسەتكۈچى تۆۋەن ھالەتتە تۇرماقتا . 1986 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە پاختىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە مەھسۇلات مىقدارى 904 مىڭ 400 توننا ، 1992 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە يىللىق مەھسۇلات مىقدارى پەقەت 523 مىڭ توننا بولدى . 2595 دانە پاختا يىغىش ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە پەقەت 719 ماشىنا ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتى . مىنېرال ئوغۇتتىن پايدىلىنىش پەقەت 10% بولدى . يېقىنقى تۆت يىلدىن بۇيان گۆش مەھسۇلاتىنىڭ تۆۋەنلىشى 60% بولدى ، يۇڭ مەھسۇلات مىقدارى 23% تۆۋەنلىدى .

نۇرغۇنلىغان يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى پايدا ئالالمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ خۇسۇسىيلاشتۇرۇلۇشى ئاستا بولدى ( خۇسۇسىيلاشقان يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى پەقەت 0.88% نى ئىگىلەيدۇ ) . 1995 ـ يىلى ئېلان قىلىنغان 50 مىڭ گېكتار يەرنى دېھقانلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىشكە مۇناسىۋەتلىك زۇڭتۇڭ بۇيرۇقى يېزا ئىگىلىك تارماقلىرىنىڭ ۋەزىيىتىنى ياخشىلىشى مۇمكىن . بۇ خىل ئۈمىدنىڭ ئەمەلىي ئاساسى بار ، چۈنكى خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك تۈزۈمىدىكى يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى يېزا ئىگىلىككە قارىغاندا 3 ـ 5 ھەسسە يۇقىرى .

2 . سانائەت : تاجىكىستاندا سانائەت كارخانىلىرىدىن جەمئىي 1628 ى بار ، بۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى سانائەت ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 0.5% نى ئىگىلەيتتى . تاجىكىستاننىڭ ئاساسلىق سانائىتىدىن مېتاللورگىيە ، ماشىنا ياساش ، يېنىك سانائەت ، يېمەكلىك سانائىتى ، سۇ ئېلېكتر ۋە كان قېزىش قاتارلىقلار بار .

3 . مېتاللورگىيە ( ئون كارخانا بار ) : ئاساسلىق كارخانىسى تۇرسۇنساد شەھىرىدىكى ئاليۇمىن زاۋۇتى بولۇپ ( دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاليومىن زاۋۇتلىرىنىڭ بىرى ) ، بۇ زاۋۇتنىڭ يىللىق ئاليومىن ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 514 مىڭ تونناغا يېتىدۇ ، 1200 ئىشچى ـ خىزمەتچىسى بار ، زاۋۇتنىڭ توك ئىشلىتىش مىقدارى پۈتۈن مەملىكەتكە تارقىتىلىدىغان توك مىقدارىنىڭ 40% نى ئىگىلەيدۇ ؛ ئىسفالىن مېتاللورگىيە زاۋۇتىمۇ چوڭ كارخانا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ، بۇ زاۋۇت سترونتسىي ، بارىي ۋە باشقا ئاز ئۇچرايدىغان مېتاللارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ .

4 . يېنىك سانائەت ( 130 كارخانا بار ) : توقۇمىچىلىق مەھسۇلات قىممىتى يېنىك سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 92% نى ئىگىلەيدۇ . دۇشەنبىدىكى توقۇمىچىلىق بىرلەشمە گەۋدىسى دۆلەت ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ توقۇمىچىلىق كارخانىسى شۇنداقلا ئۈنۈمى ئەڭ ياخشى كاخانىلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

5 . ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ( 398 كارخانا بار ) : بۇ تارماقلار سانائەت ئۈسكۈنىلىرى ، ماشىنا ، يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى ، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىقلارنى ئىشلەپچىقىرىدۇ .

6 . كان قېزىش كەسپى : كان قېزىش

تاجىكىستاندا ئىستىقبالغا ئىگە بىر كەسىپ . دۆلەت ئىچىدە ئاساسلىق كان بايلىقلىرىدىن : كۈمۈش (ئومۇمىي زاپاس مىقدارى 60 مىڭ تونىنا) ، ئالتۇن (30 كاندىكى زاپاس مىقدارى 250 تونىنا) ، كۆمۈر ( 12 كاندىكى زاپاس مىقدارى 400 مىليون تونىنا ) ، بۇنىڭدىن باشقا يەنە سىماب ، ۋولفرام ۋە سۈرمە قاتارلىقلار بار . كان قېزىشنىڭ تەرەققىياتى مەبلەغ سېلىش ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ . شېرىكلىشىپ قۇرغان زەرەپشان ئالتۇن قېزىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى بۇنىڭغا تىپىك مىسال بولالايدۇ .

7 . ئېنېرگىيە سانائىتى : تاجىكىستاننىڭ ئاساسلىق ئېلېكتر ئېنېرگىيە مەنبەسى سۇ ئېلېكتر بولۇپ ، ۋەخش دەرياسىدىكى نۇلكا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇۋۋىتى 3 مىليون كىلوۋات ، يىللىق توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 11 مىليارد 200 مىليون كىلوۋات سائەت . بۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋەخش دەرياسىدا بايپاكىن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ( 600 مىڭ كىلوۋات ) ، گىروۋ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ( 210 مىڭ كىلوۋات ) ، بېرپاد سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ( 29 مىڭ 600 كىلوۋات ) قاتارلىق سۇ ئېلېكتر ئىستانسىلىرى بار . 1988 - يىلى قۇرۇلۇشقا باشلىغان راگۇن سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى ( قۇۋۋىتى 3 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات ، يىللىق توك بىلەن تەمىنلەش مىقدارى 13 مىليارد 300 مىليون كىلوۋات سائەت قىلىپ لايىھەلەنگەن ) ئەسلىدىكى پىلان بويىچە 2000 - يىلى پۈتتۈپ بولۇشى كېرەك ئىدى ، لېكىن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پارچىلانغانلىقتىن ھازىر بۇ قۇرۇلۇشنىڭ پەقەت 40% لا تاماملاندى . يېقىندا روسىيە - تاجىكىستان « راگۇن » سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى شېرىكلەشكەن كارخانىسى قۇرۇلۇپ ، بۇ كارخانا مەبلەغ ئاجرىتىپ « راگۇن » سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تاماملاش ۋەزىپىسىگە مەسئۇل بولدى . ئەگەر بۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى توك تارقىتىشقا باشلىسا تاجىكىستان بۇ رايوندىكى ئەڭ چوڭ ئېلېكتر كۈچى تارقىتىش دۆلىتى بولۇپ قالىدۇ .

تاجىكىستاننىڭ نېفىت زاپاس مىقدارى مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا 4 مىليون 200 مىڭ تونىنا ، تەبىئىي گاز 65 مىليارد 500 مىليون كۇب مېتىر بولۇشى مۇمكىن . ھازىر نۇرغۇنلىغان قېزىلىش رايونلىرى يوقالماقتا . يېڭى نېفىتلىكنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ كېرەك . (01)

# قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئىسلاھاتى توغرىسىدا

## 1 . قازاقىستاننىڭ پۇل مۇئامىلە كرېدىت ئەھۋالى

1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى سەككىز ئېيىدا دۆلەت خام چوت ھېساباتى كىرىمگە كىرگەن غەيرىي باج كىرىمى ، مەخسۇس تۈردىكى فوند ۋە دۆلەت مال - مۈلكىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش مەبلىغى قاتارلىقلار جەمئىي 122 مىليارد 300 مىليون بولۇپ ، نەق چوت ۋاقتىدىكى مۆلچەرنىڭ 86.4% نى ، دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 13.7% نى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭ ئىچىدە ئەمەلىي يىغىلغان باج ۋە ھەر خىل كىرىم 87 مىليارد تەڭگە بولۇپ ، مۆلچەرنىڭ 85% نى ئىگىلەيدۇ . بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر مىليارد تەڭگىدىن كۆپرەك بۇيرۇق خاراكتېرلىك قەرز پۇل ۋە 2 مىليارد 394 مىليون 600 مىڭ تەڭگە ئاشلىق پۇلى بار . دۆلەتنىڭ پاي چېكى ئۆتۈنمىنىڭ ئالدىن مۆلچەرلەنگەن كىرىمى 12.9% بولۇپ بۇ مال - مۈلكنى ئىجارىگە بەرگەندىكى كىرىم (

47.7%) دىن تۆۋەن .

1996 - يىلى 8 - ئايدا خام چوت ھېساباتىغا كىرگەن باج كىرىمى ۋە دۆلەت مال - مۈلكىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن كىرگەن كىردمىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان باشقا كىرىملەر ئومۇمەن 14 مىليارد تەڭگىگە يېتىپ ، دۆلەت ئىچدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 12.1% نى ، 7 - ئايدا 13.3% نى ئىگىلىدى .

1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، خام چوتتىكى باج ۋە كېچىكتۈرۈلۈپ بېرىلىدىغان پۇلنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 26 مىليارد تەڭگىگە يەتكەن بولۇپ ، بۇ شۇ يىلى 8 - ئايدىكىگە قارىغاندا 344 مىليون 200 مىڭ تەڭگە كۆپ ، يەنى ئومۇمىي كىرىمنىڭ 21.2% نى ئىگىلەيدۇ . قىممىتى ئاشقان باجنى تاپشۇرمىغانلار 47.6% نى ، ۋەكالەتچىلەر كىرىمنىڭ تاپاۋەت بېجىنى تاپشۇرمىغانلار 47.9% نى ئىگىلەيدۇ .

1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىكى ماتېرىياللارغا قارىغاندا ، دۆلەتنىڭ خام چوت مەبلىغى 132 مىليارد 400 مىليون تەڭگە بولۇپ ، بۇنىڭ ئىچىدىكى 17 مىليارد 600 مىليون تەڭگە خۇسۇسىيلاشتۇرۇشنى يولغا قويۇش ئارقىلىق كىرگەن . قەرز پۇل 14 مىليارد 800 مىليون تەڭگە . 7 - ئايدىكى دۆلەت خام چوت كىرىمى 16 مىليارد 800 مىليون تەڭگە بولۇپ ، 6 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 18.6% نى ئىگىلەيدۇ . كىرىم بىلەن چىقىم ئۆزئارا ماس . 1996 - يىلى 7 - ئايدا دۆلەتنىڭ خام چوت چىقىمى شۇ يىلى 6 - ئايدىكى سەۋىيىدىن تۆۋەن بولۇپ ، 22 مىليارد 100 مىليون تەڭگىگە قارىغاندا 18 مىليارد 700 مىليون تەڭگە ئاز ، 6 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىدىن 20.9% تۆۋەن . خام چوت قەرز پۇلىدىكى ئومۇمىي قىزىل رەقەم 2 مىليارد 862 مىليون 900 مىڭ تەڭگە بولۇپ ، بۇ دۆلەت ئىچىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1.6% نى ئىگىلەيدۇ .

1996 - يىلنىڭ ئالدىنقى يەتتە ئېيىدا دۆلەت خام چوتىدىكى ئومۇمىي چىقىم تۆۋەندىكىدەك بولدى :

1) بىۋاسىتە ھەقسىز ئىقتىسادىي مەبلەغ 21 مىليارد 400 مىليون تەڭگە ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكىسى 3 مىليارد 500 مىليون تەڭگە بولۇپ ، 7 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 3% نى ئىگىلىدى .

2) ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۆسكۈنىلىرىگە بېرىلگەن پۇل 60 مىليارد 200 مىليون تەڭگە ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكىسى 8 مىليارد 800 مىليون تەڭگە بولۇپ ، 7 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 7.7% نى ئىگىلىدى .

3) ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ خىراجىتى 7 مىليارد 400 مىليون تەڭگە ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكىسى 1 مىليارد 100 مىليون تەڭگە بولۇپ ، 7 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 1% نى ئىگىلىدى ؛

4) ھاكىمىيەتنى قوغدىغۇچى ئورگانلار ۋە دۆلەت مۇداپىئە خىراجىتى 18 مىليارد 500 مىليون تەڭگە ، بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكىسى 3 مىليارد تەڭگە بولۇپ ، بۇ 7 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ 2.6% نى ئىگىلىدى .

5) پەن تەتقىقات خىراجىتى 1 مىليارد تەڭگە ئەتراپىدا بۇنىڭ ئىچىدە 7 - ئايدىكىسى 155 مىليون 900 مىڭ تەڭگە بولۇپ ، بۇ 7 - ئايدىكى دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممەتىنىڭ 0.14% نى ئىگىلىدى ؛

6) تاشقى ئىقتىسادىي پائالىيەتلەرگە ئىش-

لىستىلىدىغان خىراجەت 16 مىليارد 600 مىليون تەڭگە، 7 ـ ئايدىكىسى 1 مىليارد تەڭگە بولۇپ، بۇ دۆلەت ئىچى ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ %0.9 نى ئىگىلىدى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يەتتە ئايلىق دۆلەت خام چوتىنىڭ ئاساسلىق چىقىمى، ئىجتىمائىي مەدەنىيەت ئۈسكۈنىلىرىگە سېلىنغان مەبلەغ (پۈتۈن مەملىكەتتىكى خام چوت ئومۇمىي چىقىمىنىڭ %45.5 نى ئىگىلەيدۇ) بولدى، كارخانىلارغا %16.2 ئۆسۈمسىز قەرز بەردى، ھاكىمىيەتنى قوغدىغۇچى ئورگان ۋە دۆلەت مۇداپىئە ئورۇنلىرىغا %14 پۇل ئاجرىتىپ بەردى.

ھۆكۈمەت ئالغان قەرز 14 مىليارد 800 مىليون تەڭگە بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە تاشقى قەرز 9 مىليارد 800 مىليون تەڭگە. 1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا بىر ئامېرىكا دوللىرىنىڭ پېرېۋوت نىسبىتى ئوتتۇرىچە ھېساب بىلەن 67.34 تەڭگە، 7 ـ ئايدا 67.02 تەڭگە بولدى. 1996 ـ يىلىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئامېرىكا دوللىرىنىڭ ئوتتۇرىچە پېرېۋوت نىسبىتى %5.4 كۆپەيدى، بۇ 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا %6.8 ئاشتى.

شۇڭا، پۇلنىڭ پاخاللىشىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئامېرىكا دوللىرىنىڭ قازاقىستان بازارلىرىدىكى سېتىۋېلىنىشى ئالدىنقى سەككىز ئايغا قارىغاندا %11.9، 8 ـ ئايدا %0.22 تۆۋەنلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تەڭگىنىڭ سېتىۋېلىنىش كۈچىمۇ %16.4، 8 ـ ئايدا %0.7 تۆۋەنلەپ كەتتى.

## 2. خۇسۇسىيلاشتۇرۇش

1996 ـ يىلى 8 ـ ئايدا كىچىك دائىرىدىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا 53 قېتىم تالاشتۇرۇپ سېتىش يىغىنى چاقىرىلىپ، بۇ يىغىنلاردا جەمئىي 641 تۈر تالاشتۇرۇپ سېتىشقا قاتناشتۇرۇلدى، بۇ تۈرلەرنىڭ ئىچىدە 219 تۈر ئىشقا ئاشۇرۇلدى. 8 ـ ئايدا چوڭ دائىرىدىكى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش جەريانىدا، تالاشتۇرۇپ سېتىش جەريانىدا 51 ھەسسىدارلىق شىركىتىنىڭ پاي چېكى نەق پۇلغا سېتىلىپ، كونترول قىلىدىغان ئاكسىيە سوممىسىنىڭ ئومۇمىي قىممىتى 308 مىليون 600 مىڭ تەڭگە بولدى.

ئايرىم يولغا قويۇلغان يەككە تىجارەتنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش تۈرىدە يەنى: ئالمۇتا ئېنېرگىيە مەنبەسى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىنى لايىھىلەپ ئېچىپ ئىشلىتىش شىركىتى، پاۋلودار 1 ـ نومۇرلۇق مەركىزىي ئىېرمو ئېلېكتر پونكىتى ۋە جامبۇل دۆلەت ئىگىلىكىدىكى ئىېرمو ئېلېكتر پونكىتى قاتارلىق ئورۇنلار تىجارەت كېلىشىمنامىسىگە ئىمزا قويدى. سېتىۋېلىش سوممىسى ئومۇمەن 510 مىليون تەڭگە بولدى.

1996 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە يېزا ئىگىلىكىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش %92 نى ئىگىلىدى.

1996 ـ يىلىدىن باشلاپ دۆلەت مال ـ مۈلۈكىنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇشتىن كىرگەن كىرىمدىن دۆلەتنىڭ خام چوت ھېساباتىغا يۆتكەپ ئېلىنغان پۇل 17 مىليارد 150 مىليون تەڭگە بولدى.

## 3. تاۋار بازىرى ۋە بازار سودىسى

قازاقىستاننىڭ ئاشلىق بازىرى ئاۋات ئەمەس. 8 ـ ئايدا قازاقىستاننىڭ خەلقئارا يېزا ئىگىلىك سانائەت بازىرىدا توختام تۈزۈلگەن ئاشلىقنىڭ مىقدارى ئومۇمەن 120 مىڭ تونىنا ئەتراپىدا بولدى، بۇ ئەھۋال زاپاس ئاشلىقنىڭ مىقدارىنى ئازايتىۋەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئاشلىق سېتىۋالغۇچى يوشۇرۇن كۈچلەر قاراپ تۇرۇش پوزىتسىيىسىدە بولدى.

8 ـ ئايدا قازاقىستاننىڭ قوي يۇڭى بازىرى ئاۋاتلىشىپ كەتتى. جۇڭگو بۇ قوي يۇڭى بازىرىنىڭ ئاساسلىق خېرىدارى بولسىمۇ، لېكىن

كېيىن يەنە بىر قىسىم يېڭى خېرىدارلار بارلىققا كەلدى. تۈركىيە بىلەن قىرغىزىستاننىڭ مويلۇق تېرە خام ماتېرىياللىرىنى سېتىۋېلىش مىقدارى ئەڭ زور.

**4. ئىستېمال بۇيۇملىرى باھاسى**

1996 - يىلى 8 - ئايدا ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى 0.7% ئۆستى، بۇ شۇ يىلى 6 - ئايدىكىگە قارىغاندا 1.1% تۆۋەن. ئاشلىقنىڭ باھاسى 1.4% تۆۋەنلىدى. غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش تاۋارلىرىغا ۋە مۇلازىمەتكە ئىشلىتىلىدىغان ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ باھاسى ئايرىم - ئايرىم ھالدا 0.4% ۋە 7% ئاشتى.

**5. ماددىي ئىشلەپچىقىرىش تارماقلىرىنىڭ ئەھۋالى**

ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدىغان سانائەت تارماقلىرىنىڭ 8 - ئايدىكى ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 7 - ئايدىكىگە قارىغاندا تۆۋەن بولدى. تەبىئىي گاز سانائىتى، خىمىيىۋى سانائەت ۋە نېفىت سانائىتىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى روشەن ئاشتى. مەھسۇلات مىقدارى ئاشقانلىرىدىن يەنە ئورمانچىلىق، ياغاچ ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە قەغەز ئىشلەپچىقىرىش قاتارلىقلار بار. نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش 7.2%، نېفىت قېزىش 4.3%، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى 4%، يېمەكلىك 3.8%، كۆمۈر 22%، يېنىك سانائەت مەھسۇلاتلىرى 14% ئاشتى. لېكىن ماشىنا ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى 30% تۆۋەنلىدى.

**6. يېقىلغۇ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئومۇمىي گەۋدىسى**

1996 - يىلى 8 - ئايدىكى توك چىقىرىش مىقدارى ئالدىنقى بىر نەچچە ئايدىكىگە قارىغاندا ئاشقان بولسىمۇ، لېكىن 1995 - يىلدىكىگە قارىغاندا تۆۋەن. توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدىكى ئاساسلىق سەۋەب، ئېنېرگىيە مەنبەسى كەم، ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە توك يوللاش تورى قاتارلىقلارنىڭ ئۈسكۈنىلىرى تولۇق بولمىغانلىقىدا.

مەبلەغ كەم بولغانلىقتىن 1996 - يىلدىكى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئايلىنىشى، ئېنېرگىيە تۈرلىرىنى كۆز ۋە قىشتا تەكشۈرۈپ رېمونت قىلىش، ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەش ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋەزىيىتى ئىنتايىن ناچار بولدى، توك بىلەن تەمىنلەپ تارتقان زىيان 5 مىليون 900 مىڭ تەڭگىگە يەتتى. ئەمەلىيەتتە يېزا ئىگىلىكىگە، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ سىستېمىلىرىغا ۋە بەزى سانائەت كارخانىلىرىغا ئىشلەتكەن توك ئۈچۈن ھەق تاپشۇرۇلمىدى.

**7. ئاساسلىق قۇرۇلۇش**

1996 - يىلى 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە مۇلۇكچىلىك شەكلىدىكى بارلىق كارخانىلار ۋە ئورۇنلار سالغان مۇقىم مەبلەغنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 32 مىليارد 500 مىليون تەڭگىگە، پايدىلانغان مەبلەغ سوممىسى 52 مىليارد 400 مىليون تەڭگىگە يەتتى؛ تاماملانغان قۇرۇلۇشنىڭ قىممىتى 25 مىليارد 300 مىليون تەڭگە بولدى.

1996 - يىلى 1 - ئايدىن 8 - ئايغىچە ئەمەلىي سېلىنغان مەبلەغ 1995 - يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 40.4% ئاشتى، بۇنىڭ ئىچىدە قۇرۇلۇش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگىنى 33.7% نى ئىگىلىدى. سەككىز ئايدىن بۇيان، مەبلەغ ئەڭ كۆپ سېلىنغىنى ئاساسىي قۇرۇلۇشلار بولۇپ 64.4% ئاشتى، پۇل ئەڭ كۆپ كەتكىنى يېنىك سانائەتنىڭ قۇرۇلۇش ۋە قۇراشتۇرۇش ئىشلىرى بولۇپ، ئۇنىڭ قىممىتى 41.3% كۆپەيدى، ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشى 1995 - يىلدىكى سەۋىيىنى ساقلاپ قالدى.

**8. يېزا ئىگىلىك سانائەت ئومۇمىي گەۋدىسى**

ھەر خىل مۇلۇكچىلىك شەكلىدىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ئەتىياز ۋە ياز پەسلىدە بىر

قاتار يېزا ئىگىلىك تېخنىكا مەشغۇلات ئۇسۇلىنى قوللانغانلىقتىن ، ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ ، مۆرەككەپ ھاۋا كىلىماتى شارائىتىدا ، ئاشلىق ۋە باشقا يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىدىن بىر قەدەر ياخشى ھوسۇل ئالدى . « كراسنويارسكى كومباين زاۋۇتى » ھەسسىدارلىق شىركىتى قازاقىستاندىكى ھەر قايسى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى « يېنسەي » ماركىلىق كومباين بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسى ھەل قىلىندى . « روسىيە يېزا ئىگىلىك ماشىنىلىرى » ھەسسىدارلىق شىركىتى 200 دانە « نىۋا » ماركىلىق كومباين بىلەن تەمىنلىدى .

شۇڭا ھازىر قازاقىستاندا تاغلىق رايونلاردىن باشقا ئالمۇتا ، جامبۇل ، قىزىل ئوردا ، تالدى قورغان ۋە جەنۇبىي قازاقىستان قاتارلىق ئوبلاستلاردىكى يېزا ئىگىلىك كارخانىلىرى ھوسۇل يىغىش ۋە دان ئايرىش خىزمەتلىرىنى ئۆز ۋاقتىدا تاماملىدى .

ئاقتۆبە ئوبلاستى ۋە غەربىي قازاقىستان ئوبلاستىدىكى نۇرغۇنلىغان رايونلار قۇرغاق رايون بولغانلىقتىن ، ئاشلىق زىرائەتلىرىدىن ئېلىنغان ھوسۇل تۆۋەن بولۇپ ، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر گېكتار يەردىن 280 ۋە 290 كىلوگرام ھوسۇل ئېلىندى . بۇ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش ئۈچۈن ، ھۆكۈمەت ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياردەم بېرىپ قۇرغاقچىلىق ئاپەتىگە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى ئۈچۈن 100 مىليون تەڭگە نەق پۇل ئاجرىتىپ بەردى . شۇنىڭ بىلەن بىرگە دۆلەتنىڭ يېزا ئىگىلىك مالىيىسىدىن پۇل ئاجرىتىپ بۇ رايونلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى .

ھەر خىل تىجارەت شەكلىدىكى يېزا ئىگىلىك باقمىچىلىق مەيدانلىرى ۋە شەخسلەرنىڭ چارۋا ئىشلەپچىقىرىشى 1995 - يىلىدىكىگە قارىغاندا تۆۋەن بولدى .

### 9 . يەر ئىسلاھاتى

ھازىر قازاقىستاندا يەر ئىسلاھاتىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىش ۋە يەر مۇناسىۋىتىنى ياخشىلاش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ .

قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى ئىمزالىغان ۋە قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولغان « يەر قانۇنى » غا ئاساسەن ، ھۆكۈمەت 10 قانۇن - پەرمان ماقۇللاپ ، تەبىئىي شەخسلەر ۋە ۋەكالەتچىلەرنى يەر ئىشلىتىش ئۆلچىمى بىلەن تەمىنلەش ، يەر ئىشلىتىش ھوقۇقى كېنىشكىسىنىڭ نۇسخىسىنى دۆلەت كېرەك بولغاندا يىغىۋېلىش ۋە يەر سېتىۋېلىش ئۇسۇلى قاتارلىقلارنى بەلگىلىدى . (01)

# ئىقتىساد دۇنياسىغا ئېچىلغان يول

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ، قازاقىستاننىڭ ئىقتىساد ساھەسىدە دۆلەت كارخانىلىرىنى ( بولۇپمۇ ئاساسىي تارماق كارخانىلىرى ) چەت ئەلنىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرۇشنىڭ ئۈنۈمى ۋە مۇۋاپىقلىقى توغرىسىدىكى مۇنازىرە توختىمىدى . بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللايدىغانلارنىڭ ئاساسلىق دەلىلى : چەت ئەل مەبلىغىنى جەلپ قىلىشقا بولىدۇ ، بۇ خىل ئالماشتۇرۇشتا پەقەت مەلۇم كارخانىغا بولغان مۈلۈكچىلىك ھوقۇقىلا قولدىن كېتىدۇ . 1990 - يىلى قازاقىستان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى جۇمھۇرىيەتلەر ئىچىدە تۇنجى بولۇپ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قانۇنىنى يولغا قويدى . زۇڭتۇڭ H . نەزەربايېۋنىڭ ھەرىكەت قوللىنىشى بىلەن 1996 - يىـ

لىملا « قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئالاھىدە ئىق-
تىسادىي رايون توغرىسىدىكى بۇيرۇقى » ئېلان
قىلىندى . بۇ باسقۇچتا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون
قۇرۇشنى تەستىقلاش تۈزۈمى ، رەسمىيەتلەرنى
بېجىرىش ، باشقۇرۇش ۋە ئايلىنىش ئۇسۇلىنىڭ
ھەممىسىدە روشەن ئۆزگىرىش ۋە ياخشىلىنىش
بولدى . ھازىر « ئەركىن ئىقتىسادىي رايون »
ئۇقۇمىغا يەنە يېڭى مەزمۇنلار قوشۇلدى : يەنى
ئالاھىدە ئىقتىسادىي رايون ، شېرىكلەشكەن كار-
خانا رايونى ، ئەركىن سودا رايونى ، ئېكسپورت
سانائەت رايونى ، بانكا ۋە سۇغۇرتا رايونى ، باج
كەچۈرۈم قىلىنىدىغان رايون ، ھۈنەر - سەنئەت
رايونى ، ئىقتىسادىي تېخنىكا رايونى ، ئۇنىۋېرسال
رايون ( ئەركىن ياكى « ئېچىۋېتىلگەن » شە-
ھەر ، ئالاھىدە رايون ) قاتارلىقلار . ھەر خىل
ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارغا نىسبەتەن ئېيت-
قاندا ، ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ئالاھىدە
تاموژنا ، ئىجارە ، باج ، تاشقى پېرېۋوت ، كرې-
دىت ، ۋىزا ۋە ئەمگەك تۈزۈملىرىنى يۈرگۈزۈش-
تىن ئىبارەت .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنىڭ ئالاھىدى-
لىكىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن بۇ تۈزۈملەر زۆرۈر
بولغان ھوقۇق ئورگىنى بەرپا قىلىش ۋە ئەركىن
ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئاساسلىق باشقۇرغۇچى
ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي كومىتېتىدىن پايدىلىنىپ ،
چەت ئەل شىركەتلىرىنىڭ مونوپوللۇق ئورنىنى
توساشقا ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەبلەغ سال-
غۇچىلارغا ياخشى شارائىت ھازىرلاپ بېرىشكە
پايدىلىق . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا كەسپىي
ئىقتىدارغا ئىگە مەمۇرىي كومىتېتنىڭ قۇرۇلۇشى
ھەر قايسى شىركەتلەر ئۆزىنى قاچۇرالمايدىغان
قىسمەن مەنپەئەتپەرەسلىكتىن ساقلىنىشقا ، ئىقتى-
سادىي رايوندىكى بارلىق شىركەتلەرنىڭ كۈچىنى
تەڭشەشكە ، ئىقتىسادىي رايوننىڭ ئىجتىمائىي ئى-
گىلىك تەرەققىيات مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا پاي-
دىلىق . بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەڭ ئاخىرىدا دۆلەت
ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇچىلارنىڭ را-
يون ۋە پۈتۈن دۆلەتنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش
ئاساسىدا ئۈنۈملۈك پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا ،
چەت ئەل شىركەتلىرىنى رايوننىڭ ئومۇميۈزلۈك
تەرەققىياتىغا ۋە بارلىق ئىقتىسادىي ھەرىكەتلەر-
نىڭ غەلىبە قىلىشىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قىلىشقا
ھەم دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ سالغۇ-
چىلارنىڭ مەبلەغ سېلىشتىكى خېيىم - خەتە-
رىنى ئازايتىشقا پايدىلىق .

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن باشلاپ ،
قازاقىستان دۇنيانىڭ ئىقتىسادىي ئەمەلىيىتىدە ،
چەت ئەل مەبلىغىنى جەلىپ قىلىدىغان ھەر خىل
شەكىللەر ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئۈنۈملۈك
باشقۇرىدىغان يېڭى شەكىللەر ، ئۆز ئارا ھەمكار-
لىشىدىغان يېڭى شەكىللەرنى ئىزلەپ ۋە تۈزۈپ
چىقىپ ، ئۆز رايونى ۋە ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسا-
دىدا ئىستېمال ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى ، تاۋار ئۈ-
نۈمى تېخىمۇ يۇقىرى بولغان مەھسۇلاتلارنى ئىش-
لەپچىقىرالايدىغان يېڭى ھۈنەر - سەنئەت ۋە
يېڭى كارخانىلارنى جەلىپ قىلىشقا يۈزلەندى .
كىشىلەر پەقەت مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق كان
بايلىقى ۋە تەبىئىي بايلىقلارنى قوپال ھالدا قې-
زىشتىن ، تېخنىكا ، تەشكىل ۋە ئىقتىساد ئۆزئارا
بىرلەشتۈرۈلگەن مۇرەككەپ تۈزۈلمە ۋە ئۇنىۋېر-
سال گەۋدىگە ئۆتتى . بۇ جەريانلارنىڭ ئۆزلۈك-
سىز راۋاجلىنىشى شۇنى كۆرسىتىپ بەردىكى ،
نوقۇل ھالدا مەبلەغ سېلىشقا تايىنىپ قېزىش ،
توشۇش ۋە ئۆزىنىڭ كارخانىلىرىدا ھەر خىل
دەسلەپكى خام ئەشيالارنى پىششىقلاپ ئىشلەش
ھەرگىزمۇ ئەڭ ئۈنۈملۈك مەبلەغ سېلىش ئۇسۇلى
ئەمەس . ئۆزگىرىش ئەركىن ئېچىۋېتىلگەن پورت
ۋە باشقا ترانسپورت ئورۇنلىرىدىن ، ساقلاش
كەسپى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈلگەن ، ترانسپورت
كەسپى ئۇچۇن ماشىنا - ئۈسكۈنىلەر ئىشلەپچە-

قىرىشقىچە بولغان جەريانلارنى بېسىپ ئۆتتى . كېيىن يەنە توشۇلغان يۈكلەرنى قايتا تەقسىم قىلىشقا راۋاجلاندى . بۇنداق قىلىش دەسلەپتە توشۇغۇچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولدى ، كېيىن ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بولدى . ئۇنىڭدىن كېيىن راۋاجلانغان بىر مۇھىم باسقۇچ ، پىششىقلاپ ئىشلەشنى قايتا تەقسىم قىلىش ، سودىنى راۋاجلاندۇرۇش بۇ باسقۇچنىڭ ئاخىرلىششى بولدى . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون كېڭەيدى ، ئىقتىدارىمۇ ئاشتى ، ئۇنىڭ پائالىيەت دائىرىسى بۇ رايوننىڭ جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە ئاساسىي ئەسلىھەلەرنى ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى قاتارلىق مەسىلەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ . ئەركىن ئىقتىسادىي رايون بىلەن قوشنا رايونلارنىڭ ئۆزئارا تەسىرى ۋە تايىنىش مۇناسىۋىتى كۈچەيدى . ئەمەلىيەت جەريانىدا بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا ياشناپ تۇرالايدىغان ، ھەمدە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ماسلىشالايدىغان ، شۇنداقلا ئۆز - ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان يەرلىك ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى شەكىللەندۇردى .

ئەركىن ئىقتىسادىي رايون دەسلەپتىلا ئېكسپورتنى يېتەكچى قىلدى ، چۈنكى ئۇنىڭ مەقسىتى مەلۇم رايون ، مەلۇم دۆلەتتە ئىشلەپچىقىرىلغان يېڭى مەھسۇلاتلارنى باشقا بىر يۇرت ۋە باشقا رايونغا ئېكسپورت قىلىش . ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا قۇرۇلغان پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىلىرى تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇپ ئۇنى يېڭى ئىشلىتىش رولىغا ئىگە قىلدى ھەم يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى .

چەت ئەلنىڭ ئىقتىسادشۇناسلىرىمۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ھازىر نوقۇل ھالدىكى ئېكسپورت رايونى ئەمەس ، بەلكى ئېكسپورت ئىشلەپچىقىرىش رايونىغا ئۆزگەردى ، دەپ كۆرسەتتى .

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ ئەمەلىيىتىدە ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننىڭ تۈرلۈك قانۇن - بەلگىلىمە ، مەمۇرىيەت ، ئىقتىساد ، تاموژنا ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسىدە ئېنىق بەلگىلىمە بار ، ھەمدە ھەر قايسى رايونلار ئۆزىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى نەزەردە تۇتقان . ھازىر ھەر قايسى ئەركىن رايونلاردا تۈرلۈك تىجارەت تۈرلىرى ۋە تىجارەت شەكىللىرىنى تاپقىلى بولىدۇ . دۇنيا ئەركىن ئېكسپورت رايونى ئويۇشمىسىنىڭ مەسئۇلىنىڭ قارىشىچە ، قازاقىستان قۇرۇلغان ياكى پىلانلىق قۇرۇلغان ئەركىن رايونلار دۇنيا ئەمەلىيىتىدە كەمدىن - كەم ئۇچرايدىكەن . شۇنىڭ بىلەن بىرگە قازاقىستاننىڭ قارىشى يېڭىچە بولۇپ ، بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلارنى قۇرۇش مۇۋاپىق ئىكەن . قازاقىستاندىكى ئەركىن رايونلارنىڭ ئالاھىدىلىكى ، ئۇلارنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسى ئاساسەن كان مەھسۇلات خام ئەشياسى بولۇپ ، تۈرلۈك شېرىكلەشكەن كارخانىلار بۇ بايلىقلارنى قېزىپ يۇقىرى ئۈنۈملۈك مەھسۇلات قىلىپ پىششىقلاپ ئىشلەپچىقىرىدۇ .

قازاقىستان ۋە چەت ئەل مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ قارىشىچە ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى قۇرۇش ۋە ئۇنى ئىشقا كىرىشتۈرۈش ئۇسۇلى ، باشقا تۈردىكى ئەركىن ئىقتىسادىي رايون توپلىغان تەجرىبىلەردىن ئۆز رايونىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن سەل ئۆزگەرتىش كىرگۈزگەندىن كېيىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ . جۇڭگو ، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا ، لاتىن ئامېرىكىسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر ، ئامېرىكا ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايون قۇرۇش تەجرىبىلىرىدە كۆرسىتىلىشىچە ، ئەركىن ئىقتىسادىي رايوندا 3 — 7 يىلدا نەچچە ئون شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇش شارائىتى بار ئىكەن ( بىر قىسىم ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلاردا 5 — 7 يىلدا 130 نەچچە شېرىكلەشكەن كارخانا قۇرۇلغان ) ، بۇ كارخا-

نىلارنىڭ سەۋىيىسى ئوخشىمايدۇ ، تىجارەت دا-ئىرىسى ھەر خىل بولۇپ ، سانائەت ، ترانسپورت ، سودا ، بىناكارلىق ، دېھقانچىلىق ، جەمئىيەت ، دىن ، مەدەنىيەت پائالىيەتلىرى ۋە ئىشچى ، كا-دىرلارنى تېخنىكىلىق تەربىيىلەش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بار . زامانىۋى مەدەنىيەتكە ئىگە مەبلەغ سالغۇچىلار شۇنى ئېنىق چۈشىنىدۇكى ، ئىش-چىلار ، تېخنىك خادىملار ، باشقۇرغۇچى خادىم ۋە كارخانىنىڭ باشقا خادىملىرىنى يەرلىك ئاھا-لىلاردىن تەكلىپ قىلىش كېرەك ، ئۇلار يۇقىرى دەرىجىدىكى كەسپىي سەۋىيىگە ئىگە بولۇشى ، شۇ يەرنىڭ تىلىنى بىلىش كېرەك ، بۇنداق بول-غاندا ئىشلەپچىقىرىشنىڭ مۇقىملىقىنى كاپالەتلىك قىلغىلى ، ئەمگەك چىقىمىنى تۆۋەنلەتكىلى بولۇپلا قالماستىن ، بەلكى مەھسۇلاتنىڭ سۈپىتىگە كاپا-لەتلىك قىلغىلى ، مەھسۇلاتلارنىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىدىكى رىقابەت كۈچى ۋە سېتىلىشىغا كا-پالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ . بۇ ئۇسۇللار تەرەققىي

قىلغان دۆلەتلەر ۋە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر سودا - سانائەت ساھەسىدىكىلەرنىڭ مەبلەغ سېلىش ستراتېگىيىسىدە كەڭ قوللىنىلدى ھەم جەمئىيەت ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات يولىنى تال-لىۋالغان دۆلەت خەلقلىرىنىڭ مەنپەئەتىگە ماس كېلىدۇ . كۆپ يىللاردىن بۇيان قازاقىستاننىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونى بىلەن باردى - كەلدى قىلىشىۋاتقان نۇرغۇن دۆلەتلەرنىڭ ئەر-بابلىرى مۇنداق بىر ئەمەلىيەتنى ئوتتۇرىغا قويدى: بۇ ئەركىن ئىقتىسادىي رايونلار قازاقىستاننىڭ ھا-زىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان قانۇنى ، بولۇپمۇ تاموژنا جەھەتتىكى قانۇن بەلگىلىمىلەرگە تەسىر كۆر-سەتتى ، شۇنداقلا ئەركىن ئىقتىسادىي رايون ۋە قوشنا رايونلارنى باشقۇرۇشنى دېموكراتىيىلەش-تۈرۈشكە تەسىر كۆرسەتتى . شۇنىڭ ئۈچۈن مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئەركىن ئىقتىسادىي رايوننى « ئىقتىساد دۇنياسىغا ئېچىلغان يول » دېيىشى ھەرگىز ئاساسسىز ئەمەس . (02)

# قازاقىستان بىلەن تۈركىيىنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى

قازاقىستان — تۈركىيە سودا سانائەت كومىتېتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق يىغىنى ئالمۇتا ، چىمكەنت ۋە ئاقمولا قاتارلىق شەھەرلەردە ئۆتك-كۈزۈلدى . بۇ يىغىنغا قاتناشقانلارنىڭ ئىچىدە قازاقىستاننىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى ژانىبېك . كالىم-بوژانوۋ ، سودا سانائەت جەمئىيىتى ھەيئەت رى-ياستىنىڭ رەئىسى خەمىت . لاكشوۋ ، تۈركىيە ۋەكىللىرىنىڭ ئىچىدە تۈركىيە دۆلەت ئىشلىرى مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى خامىك . كامال . زانىبېك ، تۈركىيىنىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق

ئەلچىسى كۆلتۇنۇس . تاشكەنت ۋە زور تېپتىكى قۇرۇلۇش شىركىتىنىڭ ۋەكىللىرى ، بولۇپمۇ ئىش-لەپچىقارغۇچىلار ، كىچىك تىپتىكى يېمەكلىك زاۋۇتلىرىنىڭ باشلىقلىرى ، تاشقى سودا ۋە خەلقئارا ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنى-دىغان كارخانىچىلار بار .

بۇ سودا - سانائەت كومىتېتى 1991 - يىلى كۈزدە قۇرۇلغان ، كومىتېت قۇرۇلۇپ ئىككى قېتىم چوڭ يىغىن چاقىرىلدى . بىرىنچى قېتىم-لىقى 1992 - يىلى 10 - ئايدا ، ئىككىنچى قې-

تىملىقى 1995 - يىلى ئىستامبۇلدا ئېچىلدى، ئىككىنچى قېتىم ئېچىلغان شۇ يىغىندا بۇندىن كېيىن كومىتېتنىڭ چوڭ يىغىنىنى ھەر يىلدا ئىككى قېتىم ئېچىش مۇۋاپىق، دەپ بەلگىلەندى.

90 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، قازاقىستان بىلەن تۈركىيە ئۆزئارا ھەمكارلىشىشقا باشلىغانىدى. تۈركىيىنىڭ سابىق زۇڭتۇڭى ت. ئوزال قازاقىستاننى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلدى، قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋمۇ تۈركىيەنى ئىككى قېتىم زىيارەت قىلدى ۋە تۈركىيەدىكى سودا - سانائەتچىلەر ھەم سودىگەرلەرنىڭ قازاقىستاندىكى كەسىپداشلىرىغا بازار شارائىتىدا قانداق خىزمەت قىلىشنى ئۆگۈتۈپ قويۇشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

1995 - يىلى 6 - ئايدا تۈركىيەنىڭ ھازىرقى زۇڭتۇڭى س. دېمىرېلنىڭ قازاقىستاندا زىيارەتتە بولۇشى ئىككى تەرەپ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن زور تۈرتكە بولدى، بۇ ئىككى دۆلەت 48 تۈرلۈك كېلىشىم، باياناتنامە ۋە ھۆججەتكە ئىمزا قويدى.

1995 - يىلى قازاقىستاننىڭ تۈركىيىگە بولغان تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 195 مىليون ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 70 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 112 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. 1996 - يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە ئىككى دۆلەتنىڭ تاشقى سودا ئومۇمىي سوممىسى 76 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى، بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 27 مىليون ئامېرىكا دوللىرى، ئىمپورت سوممىسى 49 مىليون ئامېرىكا دوللىرى. بۇ سانلىق مەلۇماتتىن قارىغاندا تۈركىيە جۇڭگودىن قالسىلا قازاقىستاننىڭ ئىككىنچى چوڭ شېرىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قازاقىستان بىلەن تۈركىيىدىن ئىبارەت بۇ ئىككى دۆلەت ئۆزلىرى تۈزگەن كېلىشىمگە ئاساسەن 2000 - يىلىغا بارغاندا ئىككى دۆلەتنىڭ سودا سوممىسىنى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكۈزۈشى كېرەك. ھازىر تۈركىيەنىڭ شىركىتى قازاقىستاندا 2 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرلىق قۇرۇلۇشنى تاماملىماقتا، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە بۇ قۇرۇلۇشنىڭ ئومۇمىي سوممىسى 5 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ.

قازاقىستان تۈركىيىگە ئاساسلىق قارا رەڭلىك مېتال، مىس، سىنك، كۆن - خۇرۇم ماتېرىياللىرى ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ. تۈركىيە قازاقىستانغا ئاتوم قازىنى، پار قازان، ئۈسكۈنە، قەنت - گېزەك، پېچىنە - پىرەنىك تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر، ترانسپورت قوراللىرى، كىر يۇيۇش سۇيۇقلۇقى، ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى، مىس ۋە مىس مەھسۇلاتلىرى، ماي، ئۆسۈملۈك مېيى، كاكائو، چاي ۋە قەھۋە قاتارلىقلارنى ئېكسپورت قىلىدۇ.

ھازىر قازاقىستاندا تەخمىنەن تۈركىيە شىركەتلىرىنىڭ 30 ۋەكىللىك ئورگىنى، 90 دىن كۆپرەك قازاقىستان بىلەن تۈركىيە شېرىكلىشىپ قۇرغان شىركەت بار. شېرىكلەشكەن كارخانىلار دائىم بىر نەچچە خىل ئىشلەپچىقىرىش تىجارەت تۈرلىرىنى تاللىۋالىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ساندىكى شېرىكلەشكەن كارخانىلار مويلۇق تېرە مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، ئېلىپ - سېتىش ئىشلىرى، ھەر خىل مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەش ۋە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قاتارلىق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قازاقىستاندا يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە پىششىقلاپ ئىشلەش، تەكرار ئىشلەپچىقىرىش ۋە كان مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش، دورا ئىشلەپچىقىرىش ۋە ترانسپورت مۇلازىمىتى قاتارلىقلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شېرىكلەشكەن كارخانىلار قۇرۇلۇشقا باشلىدى. تىزىمغا ئالدۇرغان شېرىكلەشكەن

كارخانىلارنىڭ كۆپ قىسمى ئالماتا شەھىرىگە مەركەزلەشكەن ، قالغان ئاز قىسمى جامبۇل ، تالدى قورغان ئوبلاستى ، سېمپالاتىنىسكى ئوبلاستى ۋە شەرقىي قازاقىستان ئوبلاستى قاتارلىق جايلارغا جايلاشقان .

## 1 . ئامانەت ـ قەرز

قازاقىستان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش ئۈچۈن ، تۈركىيە ھۆكۈمىتى قازاقىستانغا 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى قەرز بېرىپ تۇردى . 1994 ـ يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى بۇ پۇلنى ئىشلىتىدىغان تۈرلەر تىزىملىكىنى تەستىقلىدى . بۇ ھېسابات تالونىغا ئاساسەن تاۋار قەرز پۇل قىسمىنى تۆۋەندىكى مەھسۇلاتلارنى سېتىۋېلىشقا ئىشلەتتى : دورا ــ 5 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، خام ماتېرىيال ۋە ئۈسكۈنە ــ 26 مىليون 100 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، ئىستېمال بۇيۇملىرى ــ 8 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ، جەمئىي 40 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى .

قەرز پۇلنىڭ 46 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا تاۋار سېتىپ ئېلىش ئالدىن بەلگىلەنگەن بولۇپ ، ھازىر بۇنىڭ 40 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلىپ بولدى ، بۇ پىلاندىكىنىڭ %87.5 نى ئىگىلەيدۇ . 1995 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە بۇ قەرز پۇلنى قايتۇرۇش سوممىسى 14 مىليون 700 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ئىشلىتىۋالغان قەرز پۇلنىڭ %33.4 گە توغرا كېلىدۇ . قازاقىستاننىڭ قەرز قايتۇرۇش ۋاقتىنى ئۇزارتىشنىڭ سەۋەبى ، ئاساسەن تەڭگىنىڭ ئامېرىكا دوللىرىغا سېلىشتۇرۇش قىممىتى چۈشۈپ كەتكەنلىكىدە . بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر قىسىم تاۋارلاردىن ئىستېمال بېجى ۋە ئىمپورت بېجى ئېلىنغانلىقتىن تاۋار سېتىپ ئېلىش باھاسى ئۆرلەپ كەتكەن ۋە نەق پۇلنىڭ ئوبوروت سۈرئىتىمۇ ئاستا بولغان .

تېخى ئىشلىتىلمىگەن قالغان قەرز پۇلغا قازاقىستان ھۆكۈمىتى ئاشلىق پىششىقلاپ ئىشلەش تېخنىكا ئۈسكۈنىلىرىنى ، يېنىك سانائەتكە كېرەكلىك خام ماتېرىياللارنى سېتىپ ئېلىشقا تەييارلىق قىلماقتا .

مەبلەغ سېلىشقا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئالدىن بەلگىلەنگەن قەرز پۇل 154 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ ، ھازىر بۇ پۇلدىن 81 مىليون 600 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئىشلىتىلىپ بولدى ، بۇ ، بۇ تۈردىكى ئومۇمىي قەرز پۇلنىڭ %52.9 نى ئىگىلەيدۇ . ھازىر تۈركىيە ئىمپورت ـ ئېكسپورت بانكىسى قازاقىستاننىڭ تۆۋەندىكى لايىھە بويىچە تەكشۈرۈپ بېكىتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى : « تالدى قورغان خەلقئارالىق تايكىس » قەغەز زاۋۇتىنى قۇرۇش ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 10 مىليون ئامېرىكا دوللىرى ؛ « قازاقىستان ئالاقە قۇرۇلۇشى » بىرلەشمە شىركىتى ۋە ئۇزۇن يوللۇق تېلېفون كابېلىنى ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى قۇرۇش ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 1 مىليون 300 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ؛ قارا بۇلاق شېكەر زاۋۇتىدا سەھىيە تېخنىكىسىغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى قۇراشتۇرۇش ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 3 مىليون 400 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى : چىمكەنت ئوبلاستىنىڭ ئوترال رايونىدا قوي تېرىسىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە مويلۇق تېرە مەھسۇلاتلىرىنى تىكىش سېخىنى قۇرۇش ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 550 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ؛ ئالمۇتا مېيىپلار بىرلەشمە جەمئىيىتى قارمىقىدىكى « شۇڭقار » كارخانىسى سېتىپ ئالىدىغان مويلۇق تېرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە تېرە مەھسۇلاتلىرىنى تىكىش ئۈسكۈنىلىرى ، سېلىنىدىغان مەبلەغ 850 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى .

## 2 . قاتناش ترانسپورت

1992 ـ يىلى 5 ـ ئايدا قازاقىستان قاتناش ترانسپورت مىنىسترلىكى بىلەن تۈركىيە

تەرەپ ئاۋىئاتسىيە ۋە قاتناش ترانسپورت جەھەتتە ھۆكۈمەتلەر ئارا كېلىشىم تۈزدى ، بۇ كېلىشىمگە ئاساسەن ئىككى تەرەپ ، خەلقئارا بىرلەشمە ترانسپورت مۇلازىمىتىنى قانات يايدۇرماقتا . 1992 - يىلى 3 - ئايدىن باشلاپ ئالمۇتا بىلەن ئىستانبۇل ئوتتۇرىسىدا بىۋاستە ئاۋىئاتسىيە لىنىيىسى ئېچىلىپ ، بىر ھەپتىدە ئىككى قېتىم ئايروپىلان قاتنايدىغان بولدى .

ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان تېجېن — سېراخس — مېشخېد لىنىيىسى پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن تۆمۈر يول ترانسپورت مۇلازىمىتى باشلىنىدۇ . قازاقىستان تەرەپ ھازىر « تىۋۋاساش » شىركىتى بىلەن بىرلىكتە قازاقىستاندا ئالمۇتانىڭ ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرىنى رېمونت قىلىش پازىسىدىن پايدىلىنىپ يولۇچىلار پويىزى ۋاگوننى ياساش مۇمكىنچىلىكىنى تەتقىق قىلماقتا . 1992 - يىلى 10 - ئايدا ئەنقەرە يىراق ئارىلىقتا بىۋاستە ئالاقىلىشىش يەر يۈزى پونكىتى ئىشقا كىرىشتى .

تۈركىيە ، « ئاكتائۇ » خەلقئارا دېڭىز - ئوكيان سودا شىركىتىنى قۇرغۇچىلارنىڭ بىرى ، قازاقىستان بىلەن تۈركىيە ئوتتۇرىسىدىكى سۇ يۈزى ترانسپورت كېلىشىمىنىڭ لايىھىسى تۈزۈلۈش باسقۇچىدا تۇرماقتا .

تۈركىيىنىڭ پوچتا ، تېلېفون ، تېلېگراف ئىدارىلىرى ۋە « نېتاش » شىركىتىنىڭ پاۋلودار شەھىرىدە خەلقئارا ۋە شەھەر ئىچىدىكى ئابونتلارنىڭ ھەق تاپشۇرۇش ئورۇنلىرىدىن 10 مىڭ بار .

« تېلىش » شېرىكلەشكەن كارخانىسى ئۇرالسكى شەھىرىدە « كامتېل » كارخانىسىنى قۇردى ، بۇ كارخانا يېزا ۋە تەستە بارىدىغان رايونلار ئىشلىتىدىغان سىمسىز تېلېفون ئالاقىلىشىش ئۈسكۈنىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىدۇ .

سىمپالاتىنسكى شەھىرىدىكى « خېس » شىركىتى كىچىك قۇۋۋەتلىك ئالاقىلىشىش كابلىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شېرىكلەشكەن كارخانا قۇردى . تۈركىيە بەرگەن قەرز پۇلدىن 3 مىليون 500 مىڭ ئامېرىكا دوللىرىنى « تېكېلى » قاتناش پونكىتىنى قۇراشتۇرۇشقا ئىشلىتىش توختىمى ئىمزالاندى . •

### 3 . يېزا ئىگىلىكى

قازاقىستان بىلەن تۈركىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكى ، يېمەكلىك سانائىتى ۋە يېنىك سانائەت جەھەتتىكى ھەمكارلىق ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلماقتا . تېرە ماتېرىياللىرىنى ۋە قالدۇقلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ، تېخىمۇ ياخشى ئىستېمال بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 14 شېرىكلەشكەن كارخانا قۇردى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى ياخشى ئورۇنلاشتۇردى .

1992 - يىلى تۈزۈلگەن توختامغا ئاساسەن تۈركىيە « ئالاس . دىش . تىجارىت » شىركىتى قاراغاندا گۆش مەھسۇلاتلىرى بىرلەشكەن كارخانىسىنى 100 مىڭ چوشقا ۋە قوي ھەم كالا تېرىسى بىلەن تەمىنلىدى . كۆكچېتاۋ ۋە پاۋلودار گۆش مەھسۇلاتلىرى بىرلەشمە كارخانىسى « بىرلا سۇ ئۈزگۈچىلەر » شىركىتىنى تېرە ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلەش توغرىسىدىكى ھەمكارلىق ھازىر ئېلىپ بېرىلماقتا .

قازاقىستان يېزا ئىگىلىك مىنىسترلىكى بىلەن تۈركىيە تەرەپ ئوتتۇرىسىدا تېخنىكا ، ئىلىم پەن ھەم ئىقتىساد جەھەتتە ئۆزئارا ياردەم بېرىش كېلىشىمى تۈزۈلدى . يەنە 1996 - يىلى 8 - ئايدا تۈركىيە زۇڭلىسى ت . چىللېر قازاقىستاننى زىيارەت قىلىش جەريانىدا يەنە ئىككى تۈرلۈك كېلىشىمنامىگە ئىمزا قويىدى .

### 4 . نېفت ، تەبىئىي گاز ۋە سانائەت

1992 - يىلى 7 - ئايدا قازاقىستان ئېنېرگىيە ۋە يېقىلغۇ ماتېرىياللىرى مىنىسترلىكى بىلەن تۈركىيە ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ۋە تەبىئىي

بايلىق مىنىستىرلىكى نېفىت، تەبىئىي گاز، كۆمۈر قېزىش جەھەتتە كېلىشىم تۈزدى.

1995 - يىلى 6 - ئايدا، ئاقتوبە ئوبلاستىدا سىغىمچانلىقى 954 مېگاۋات كېلىدىغان بىرلەشمە ماشىنا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى، مۇراسىمغا ئىككى دۆلەتنىڭ زۇڭتۇڭلىرى قاتناشتى. نېفىت كېلىشىمىگە ئاساسەن، ھازىر كېنكىياك ۋە ئالىبېكمولا نېفىتلىكى شېرىكلەشكەن كارخانىسىنىڭ خىزمەتلىرى ئىشلەنمەكتە.

قازاقىستان گېئولوگىيە ۋە قېزىلما بايلىقلىرىنى قوغداش مىنىستىرلىكى بىلەن تۈركىيە نېفىت شىركىتى ئاقتوبە، مانچېستېر ۋە ئورال قاتارلىق ئوبلاستلاردا گېئولوگىيىلىك قېدىرىپ تەكشۈرۈش ۋە بېكبولات، لاكتىبايلاردا كان بايلىقلىرىنى قېزىش جەھەتتە ئورتاق تونۇشقا كەلدى.

يېقىنقى ئىككى يىل ئىچىدە، قازاقىستاندىكى نېفىتلىكنى قېزىش ئۈچۈن 110 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سەرپ قىلىندى.

«تېكىفېت» شىركىتى بىلەن «قازاقىستان تەبىئىي گاز قۇرۇلۇش» شىركىتى بىرلىكتە «كازفېن» شېرىكلەشكەن كارخانىسىنى قۇردى، بۇ كارخانا قازاقىستان — قۇمكۆل نېفىت يەتكۈزۈش تونىل قۇرۇلۇشىنى ھۆددىگە ئالدى. بۇ تۈرگە ياپونىيىنىڭ MITSUBISHI شىركىتىمۇ قاتناشتى. بۇ بىر نەچچە شىركەت بىرلىكتە ئاستراخان — مانچېستېر ئارىلىقىدىكى سۇ تۇرۇبا يولىنى، ژېتىباي - ئۆزېن نېفىت تۇرۇبا يولىنى ئۆزگەرتىپ قۇرۇشقا تەييارلىق قىلماقتا.

تۈركىيە «ئەتىبس» شىركىتى قاراغاندا مېتاللۇرگىيە ھەمكارلىق كارخانىسىدا ئۇدا پولات قۇيۇش ۋە ئوچاق سىرتىدا پىششىقلاپ ئىشلەش بىرلەشمە گەۋدىسىنى قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا قاتناشتى. بۇ قۇرۇلۇشنىڭ بارلىق قۇراشتۇرۇش ئىشلىرىنى «ئەتىبس» شىركىتى ئۆز ئۈستىگە ئالدى. بۇ شىركەت يەنە «جىزقازغان مېتال ئىشلەپچىقىرىش» ھەمكارلىق شىركىتى بىلەن بىرلىكتە مىس سىم ماتېرىياللىرىنى ئىشلەپچىقىرىدىغان شېرىكلەشكەن كارخانىنى قۇردى.

«خېس» شىركىتى بىلەن قازاقىستان كابېل شىركىتى سېمىپالاتىنسكىدا «خېس كازبېك» شېرىكلەشكەن كارخانىسىنى قۇرۇپ، كابېل تۈرىدىكى مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى.

«سىمتېل» شىركىتى توگلاتقۇ، چاڭ - توزاڭ شۈمۈرگۈچ ۋە ئېلېكتىر دۇڭگاتېل ئىشلەپچىقىرىدىغان «كرامدىس» شىركىتى بىلەن بىرلىكتە ئۈچ خىل مەبلەغ شەكلىدىكى كارخانىنى قۇردى.

قازاقىستان بىلەن تۈركىيىنىڭ شېرىكلىشىش مۇناسىۋىتى مۇئەييەن ئاساسقا ئىگە بولۇپ، ھازىر بۇ ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلماقتا. بۇ مۇناسىۋەت غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولۇپ ئۇزۇن مۇددەتلىكتۇر. (01)

# پايدا يارىتىۋاتقان قازاقىستان تۆمۈر يول ترانسپورت كەسپى

«ئاسىيا ئىقتىساد ۋە تۇرمۇش گېزىتى» نىڭ 1996 - يىلى 6 - ئاينىڭ 26 - سانىدىكى «پەن ۋە ئەمەلىيەت» بېتىدە قازاقىستان قاتناش ترانسپورت ئىنستىتۇتىدىكى دوكتۇر بالاموگىننىڭ

« قازاقستاننىڭ تۆمۈر يول باشقۇرۇشىنى قانداق ئىسلاھ قىلىش كېرەك » دېگەن ماقالىسى بېسىلغان . ئالمۇتا تۆمۈر يول ئىدارىسىدىكى مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ مەسئۇلى تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ ، بۇ ماقالىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان نۇرغۇن مەسىلىلەر ئوبيېكتىپ ئەمەس ، كەسپىي ئەمەس ، قوللانغان سانلىق ماتېرىياللىرى جەدۋەلدىكىگە ئوخشىمايدۇ ، ئۇنىڭدا قازاقستان تۆمۈر يول باشقۇرۇش ئورگىنىنىڭ كونكرېت ئىسلاھات تەدبىرى ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان ، قەستەن ھەقىقەت بۇرمىلانغان ، ھەتتا باشقا چالا قالغان ۋە خاتا يەرلىرى بار ، دەپ كۆرسەتتى .

ماقالىدا قازاقستاننىڭ ترانسپورت ئىشلىرىغا بولغان ئۈمىدسىزلىك كۆز قارىشى ئوتتۇرىغا قويۇلغان ، ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسىنى جۇڭگونىڭكىگە سېلىشتۇرۇپ ، دىرۇژبا چېگرا ئېغىزىدىكى يۈتكەپ توشۇش خىزمىتىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاستىلىقى ، يۈتكەپ توشۇش مىقدارىنىڭ تۇسالغۇغا ئۇچراۋاتقانلىقى ئەيىپلەنگەن ، بۇ ئەمەلىي ئەھۋالغا ئۇيغۇن ئەمەس .

بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ مەسئۇلى خەتتە بىر قىسىم كونكرېت ماتېرىياللارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ماقالىدىكى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان يەرلىرىنى تەھلىل قىلىپ تۈزەتكەن : ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن . « تۆمۈر يول ئەزەلدىن پايدا يارىتىپ باقمىدى . چۈنكى باشقۇرۇش ئورگىنىدىكى خىزمەتچى خادىملار تۆمۈر يول خىزمەتچىلىرى ئىچىدە 44% نى ( يېرىمىنى دېگۈدەك ) ئىگىلەيدۇ » 1995 - يىلىدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ، تۆمۈر يول باشقۇرۇش تارمىقىدىكى خادىملار خىزمەتچى خادىملار ئومۇمىي سانىنىڭ 5.3% نى ئىگىلەيدۇ ، بۇ قازاقستان ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ 1993 - يىلى 11 - ئاينىڭ 5 - كۈنى ماقۇللىغان 174 - نومۇرلۇق ھۆججەتنىڭ 8 - تارمىقىدىكى بەلگىلىمىگە ماس كېلىدۇ . ماقالىدا يېزىلغان « 44% » دېگەن سان تۆمۈر يول تارىخىدا ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ، تۆمۈر يولنىڭ پايدا يارىتىشىغا كەلسەك ، دۆلەت تۆمۈر يولى بۇرۇندىن پايدا يارىتىپ كەلگەن ، ھازىرمۇ داۋاملىق پايدا يارىتىۋاتىدۇ .

ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن : « بىر تۆمۈر يول خىزمەتچىسىنىڭ ئەمگەك ئىش ھەققى ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ ھەر بىر مىليون تونىنا / كىلومېتىر توشۇش ھەققىنىڭ 2.5% نى ئىگىلەيدۇ . 1995 - يىلىدىكى ستاتىستىكا ماتېرىيالىغا ئاساسلانغاندا ھەر بىر مىليون تونىنا / كىلومېتىر توشۇش ھەققى 318 مىڭ 600 تەڭگە ، تىزىمدىكى بىر خىزمەتچىنىڭ يىللىق ئىش ھەققى 56 مىڭ 600 تەڭگە بولۇپ ، ھەر بىر مىليون تونىنا / كىلومېتىر توشۇش ھەققىنىڭ 17.8% نى ئىگىلەيدۇ .

ماقالىدا يەنە مۇنداق دېيىلگەن : « دىرۇژبادىن روسىيە چېگرىسىغىچە بولغان ئەڭ قىسقا ئارىلىق 2167 كىلومېتىر » . ئەمەلىيەتتە دىرۇژبا ۋوگزالىدىن روسىيە تۆمۈر يولىدىكى ئەڭ يېقىن تۇتىشىش نۇقتىسى بولغان دوكاج ۋوگزالىغىچە بولغان ئارىلىق 788 كىلومېتىر .

ماقالىدا « يېڭى يىپەك يولى » دا ئىمكانقەدەر تاشقى پېرېۋوت يارىتىش بىلەن پويىزنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى بىرلەشتۈرۈپ ئوتتۇرىغا قويغان ھەم دىرۇژبا ۋوگزالىدىن روسىيىنىڭ چېگرا لىنىيىسىگە بارىدىغان يۈك پويىزىنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى 3600 تونىنا ( كۆرسىتىلگىنى ساپ ئېغىرلىقى ، چۈنكى ئۇ يۈك توشۇش ھەققىنى بەلگىلەشتە ئۆلچەم قىلىنىدۇ ) ئىكەنلىكى ، خەلقئارا يۈك پويىزىنىڭ ھەر بىر كېچە - كۈندۈزدىكى ۋاگون سانى 20 ۋاگون بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان . ( كىشىنى قايمۇقتۇرىدىغىنى ، بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى بىر يوللۇق مۇساپىمۇ ياكى بېرىش - كېلىش مۇساپىسىمۇ ) . ئەگەر يۇقىرىدا كۆرسـ

تىلگەن يۇك پويىزىنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمىنى ئومۇمىي ئېغىرلىقتا ئايلاندۇرساق 6800 توننا بولىدۇ ، بۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن ئەمەس . چۈنكى ئاقتۇقايدىن دىرۇژبا پونكىتىغىچە بولغان مۇساپىدىكى يۇك پويىزىنىڭ ئېغىرلىق ئۆلچىمى 3200 توننا (ئومۇمىي ئېغىرلىقى ) 20 ۋاگون ( بۇ ساننىڭ دەلىل ئىسپاتى ئېنىق ئەمەس ) بىر كېچىدىكى بېرىش - كېلىش ئومۇمىي سانى دېيىلسە دىرۇژبا ۋوگزالىدىن يىللىق يۆتكەپ توشۇلىدىغان يۇك مىقدارى 26 مىليون توننا بولىدۇ ، بۇ سان ئەمەلىي ئەھۋال بىلەن دۆلەتنىڭ يۆتكەپ توشۇش خىزمىتىنىڭ تەلىپىدىن تولىمۇ يىراق .

ماقالىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن : « جۇڭگو تەرەپ 2000 - يىلىغىچە تاماملاشنى پىلانلىغان ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان بارلىق خىزمەتلەرنى تاماملاپ بولدى ، ھازىر ھەر يىلى 13 مىليون توننا يۇك يەتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلماقتا . ئەمەلىيەتتە دىرۇژبا ۋوگزالىدىن ئۆتىدىغان يىللىق مال يۆتكەش مىقدارى 750 مىڭ توننىدىن ئاشمايدۇ » . بۇ نەتىجىلەرنىڭ ھەممىسى ھەقىقىي ئەمەس . ئالدى بىلەن ، مەيلى جۇڭگو ياكى قازاقىستان بولسۇن ، ھەر ئىككى تەرەپ دىرۇژبادىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان چېگرا لىنىيىسىدە تۆمۈر يول ئارقىلىق يۆتكەپ توشۇش ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ كۆزلىگەن خىزمەتلىرىنى تولۇق تاماملاپ بولغىنى يوق ، ئۇنىڭدىن باشقا جۇڭگونى ھەر يىلى 13 مىليون توننا يۇك ئۆتكۈزۈشكە تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ دېگەننى ھېچقانداق ماتېرىيال بىلەن ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ . 1996 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا دىرۇژبادىن جۇڭگوغا 1 مىليون 16 مىڭ توننا يۇك توشۇلدى ، جۇڭگودىن توشۇپ كېلىنگىنى پەقەت 66 مىڭ 900 توننا ، قانداقمۇ 13 مىليون توننىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولسۇن ؟ ھازىر ھەر يىلى دىرۇژبا ۋوگزالىدىن ئۆتىدىغان يۇك مىقدارى 750 مىڭ توننا دېگەن سۆزگىمۇ ئىشىنىشكە بولمايدۇ . 1995 - يىلى جۇڭگوغا توشۇلغان مال مىقدارى 1 مىليون 114 مىڭ 800 توننا ، جۇڭگودىن يۆتكەپ كېلىنگىنى 59 مىڭ 800 توننا ؛ ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسى جۇڭگو تەرەپكە يۆتكەپ توشۇش مىقدارىنى ئاشۇرۇش توغرىسىدا كۆپ قېتىم تەكلىپ سۇندى ، بىراق جۇڭگو تەرەپ يېتەرلىك بوش ۋاگونغا كاپالەتلىك قىلالمىدى ، ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسى ھەر بىر كېچە كۈندۈزدە جۇڭگوغا 200 نەچچە يۇك قاچىلانغان ۋاگون ئەۋەتىدۇ ، جۇڭگو تەرەپ بولسا ئاران 80 نەچچە بوش ۋاگون ئەۋەتىدۇ . ئالاتاۋ ۋوگزالىنىڭ تېخنىكا ئەسلىھەلىرى ناچار ، قاچىلاش ۋە ۋاگونلارنى چېتىش ، يولغا سېلىش لىنىيىسى يېتەرلىك ئەمەس ، بۇلارمۇ ئۈرۈمچىدىن ئالاتاۋ ئېغىزىغىچە بولغان بۆلەكتىكى توشۇش ئىقتىدارىنى چەكلەپ قويغان .

ماقالىدا مۇنداق دېيىلگەن : « يېقىنقى تۆت يىل ئىچىدە ، قازاقىستان دىرۇژبا ۋوگزالىدىن پايدىلىنىپ چەت ئەلگە مال توشۇش لايىھەسىنى ئۇدا تەتقىق قىلىپ تۇردى » . ئەمەلىيەتتە بۇنداق تەتقىقات خىزمىتى ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ، 1991 - يىلدىن بۇيانقى ئالتە يىل ئىچىدە دىرۇژبا ۋوگزالىدىن پايدىلىنىپ ئىمپورت ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ماللارنى خەلقئارا لىنىيەلەرگە يۆتكەپ بېرىۋاتىدۇ . ئاپتور يەنە مۇنداق دېگەن : « ياپونىيە ، كورىيە ، جۇڭگولارنىڭ ھەممىسى قازاقىستاندىن ياۋروپاغا يۇك توشۇشقا مەبلەغ سېلىشقا قوشۇلدى » . بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئاساسى يوق .

ماقالىدا ھەتتا مۇنداق دېيىلگەن : « ھازىرقى تۆمۈر يول باشقۇرۇش تارماقلىرىدا خەلقئارا يۆتكەپ توشۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورگان يوق » . بۇ گەپ توغرا ئەمەس . ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسىدا خەلقئارادا يۆتكەپ -

توشۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇنلاردىن يۈك توشۇش ئورنى ، ئالماتا تۆمۈر يول تەكشۈرۈش باش پونكىتى ۋە قازاقىستان خەلقئارا توشۇش ھەققى باشقارمىسى قاتارلىقلار بار . ئۇلار مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسى ۋە باشقا چەت ئەللىك ھەمكارلاشقۇچىلار بىلەن كۆپ توختاملارنى تۈزدى .

ئاپتور مۇنۇلارنى كۆرسەتكەن : « دۆلەت خام چوتىدىن ئىخچىمۇ كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسى چىقىم سوممىسىنى قەستەن كۆپەيتتى » . ئاپتور بۇنى ئېزدىن چۈشىنىپ قېلىشى مۇمكىن ، تۆمۈر يول تارماقلىرىنىڭ تۈپ مەشغۇلاتىدا ئەزەلدىن دۆلەت خام چوتىدىن پۇل ئاجرىتىپ باققان ئەمەس . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۆلەتنىڭ پۇل ئاجرىتىشىغا ئېرىشەلىگەن ئورۇنلار تۆمۈر يولنىڭ ئىجتىمائىي جامائەت پاراۋانلىق ساھەسىدىكىلەر — ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى ، داۋالاش ، ساقلىقنى ساقلاش تارماقلىرىدىن ئىبارەت .

ئومۇمەن ئېيتقاندا ، ماقالىنىڭ مەزمۇنىدا ئاساسىي ئېنىق ئوتتۇرىغا قويۇلمىغان . ئۇنىڭدىكى نۇرغۇن ساختا ۋە خاتا جايلار ئاپتورنىڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ .

بۇنىڭ ئۈچۈن ، ئالماتا تۆمۈر يول ئىدارىسىنىڭ باش ئىقتىسادشۇناسى ، يۈك توشۇش باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ، مالىيە باشقارمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋە ئەمگەك ئىش ھەققى تەشكىلات باشقارمىسىنىڭ باشلىقى قاتارلىق كىشىلەر تەھرىر بۆلۈمىگە خەت يېزىپ ئۇلارنى تەنقىدلىدى ۋە ئەيىبلىدى . (02)

# قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى باج ئىشلىرى كومىتېتى ۋە تاموژنا كومىتېتىنىڭ قوشۇلما قىممەت بېجى توغرىسىدىكى بۇيرۇقى

1 . قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ھەر قايسى تاموژنا باشقۇرۇش ئىدارىلىرى ۋە تاموژنىنىڭ نۇرغۇن تەكشۈرۈشكە ئاساسەن تۆۋەندىكىلەر ئۇقتۇرۇلىدۇ :

تاموژنا ئورۇنلىرى مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلار ئۈچۈن چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى بىجىرگەندە ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئېلان قىلغان 979 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقى ۋە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى 1996 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى ئايرىم ھالدا ئىمزا قويۇپ تارقاتقان 4331 / 8 ـ01 ـ12 ـ12 ۋە 6290 / 5 ـ034 ـ نومۇرلۇق بۇيرۇقنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن باج نىسبىتىنىڭ ئارتقان مىقدارى بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنىشى كېرەك .

سودا ئوبوروت ساھەسىگە تارقىتىلىدىغان تاۋارلار ئۈچۈن چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە ، ئەگەر تاۋار چىقىرىش تالونى بىلەن تەمىنلىيەلىسە ھەم تالوننىڭ مەخسۇس بىر قۇرىدا ئاللىقاچان ئايرىپ چىقىلغان ، تاۋار ئومۇ-

مىي قىممىتىنىڭ 20% ىنى ئىگىلەيدىغان قوشۇلما قىممەت بېجى ئەسكەرتىلسە ، ئۇ ھالدا يەنە قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدۇ .

غەيرىي سودا ساھەسىگە تارقىتىلىدىغان تاۋارلار ئۇچۇن چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە ئەگەر تاۋار چىقىرىش تالونى ياكى ئىسچوت ھەق تاپشۇرۇپ مال ئېلىش تالونى، تاۋار تونۇش تالونى ۋە ياكى باشقا مەخسۇس بىر قۇردا ئاللىقاچان ئايرىپ چىقىلغان تاۋار ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 20% ىنى ئىگىلەيدىغان قوشۇلما قىممەت بېجىنى ئەسكەرتىپ ئىسپاتلايدىغان ھۆججەتلەر بىلەن تەمىنلىيەلىسە، ئۇ ھالدا يەنە قوشۇلما قىممەت بېجى تاپشۇرمىسىمۇ بولىدۇ.

ئەگەر تاۋار ئومۇمىي قىممىتىگە 20% لىك قوشۇلما قىممەت بېجى قوشۇۋېتىلگەنلىكىنى ئىسپاتلاش مۇمكىن بولسىمۇ ، ئۇ ھالدا ئومۇمىيۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان قائىدە بويىچە تاموژنا رەسمىيىتى بېجىرىلىدۇ .

2 . روسىيە فېدېراتسىيىسىدىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارغا قارىتا بەلگىلىمىلەر تۆۋەندىكىچە :

( 1 ) روسىيە فېدېراتسىيىسىدە 10% لىك باج نىسبىتى بويىچە تاپاۋەت بېجى ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەرگە ( تىزىملىككە قارالسۇن ) ، قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى مالىيە مىنىستىرلىكى باج ئىشلىرىنى تەكشۈرۈش باش ئىدارىسى بىلەن قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى 1996 - يىلى 8 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئىمزا قويۇپ تارقاتقان 12 - 12 - 01 - 8 / 4331 ۋە 034 - 5 / 6290 - نومۇرلۇق بۇيرۇقنىڭ بىرلەشمە ئۇقتۇرۇشىغا ئاساسەن قوشۇلما قىممەت بېجى قوشۇپ ھېسابلىنىدۇ .

( 2 ) تىزىملىككە يېزىلمىغان باشقا تاۋارلارغا قارىتا چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش رەسمىيىتىنى بېجىرگەندە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنمايدۇ .

3 . ئۆكرائىنادىن ئىمپورت قىلىنغان تاۋارلارغا قارىتا ، ئومۇميۈزلۈك قوبۇل قىلىنغان قائىدىگە ئاساسەن 20% لىك باج نىسبىتى بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنىدۇ .

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك باج ئىشلىرى كومىتېتى

1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

12 - 12 - 01 - 8 / 5030 - نومۇر

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك تاموژنا كومىتېتى

1996 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى

031 - 917784 نومۇر

**قوشۇمچە :**

**روسىيە فېدېراتسىيىسىدە 10% لىك باج نىسبىتى بويىچە قوشۇلما قىممەت بېجى ئېلىنىدىغان يېمەكلىكلەر تىزىملىكى**

تىرىك چارۋا مال ۋە قۇشلار ؛

گۆش ۋە گۆش مەھسۇلاتلىرى ( ئالاھىدە نەپىس مەھسۇلاتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ، بۇلار ئۈمۈرتقا گۆشى ، موزاي گۆشى ، چارۋا ماللارنىڭ تىلى ، كولباسا مەھسۇلاتلىرى يەنى يۇقىرى سۈپەتلىك پىشۇرۇلمىغان ئىسلانغان كولباسا ، قوي ، كالا ، موزاي ۋە قۇش گۆشىدىن ئىشلەنگەن ئىسلانغان يېمەكلىكلەر ، قورۇتۇپ تۇزلانغان بېلىقنىڭ ئۈمۈرتقا گۆشى ، كالا گۆشى كاۋىپى ، ئىسلانغان گۆش كونسېرۋاسى ، چارۋا ماللارنىڭ تىلىدىن ئىشلەنگەن كونسېرۋا قاتارلىقلاردىن ئىبارەت ) ؛

سۈت ۋە سۈت مەھسۇلاتلىرى ؛

تۇخۇم ۋە تۇخۇم مەھسۇلاتلىرى ؛

ئۆسۈملۈك يېغى ؛

سۈنئىي قايماق ؛

شېكەر ؛

ئاشلىق ، بىرىكتۈرۈلگەن يەم - خەشەك ، ئارىلاشما يەم - خەشەك ، ئاشلىق قالدۇقلىرى ؛

مايلىق ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى ۋە ئۇنىڭ پىششىقلاپ ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلىرى ( ماي تىرىپى ، كۈنجۈرە ) ؛

بولكا ۋە بولكا تۈرىدىكى يېمەكلىكلەر ( قايماقلىق تۇخۇم بولكىسى ، قۇرۇتۇلغان بولكا ۋە چەمبەرسىمان بولكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ؛

ھەر خىل ئاشلىق دانلىرى ؛

ئۇن ؛

كاۋاك ئۇگرە مەھسۇلاتلىرى ؛

تىرىك بېلىق ؛

دېڭىز مەھسۇلاتلىرى ۋە بېلىق تۈرىدىكى مەھسۇلاتلار ، توڭلىتىلغان بېلىق ۋە باشقا ئۇسۇللار بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەنگەن بېلىق ، پاللاس بېلىقى ، بېلىق كونسېرۋاسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ، لېكىن ئالاھىدە مەززىلىك مەھسۇلاتلارنى يەنى ئوسېتر بېلىقى ۋە سالمون بېلىقى تۈرىدىكى دېڭىز مەھسۇلاتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ ؛

باللار يېمەكلىكى ۋە دىيابېت كېسەللىرى يېمەكلىكلىرى ؛

كۆكتات ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى ؛

ياڭيۇ ۋە ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى . (03)

# پاكىستان

پاكىستان جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى قۇرۇقلۇقىنىڭ غەربىي شىمال قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ ، دۇنيا بويىچە بىر نەچچە ئاساسلىق سودا يولى بېسىپ ئۆتىدىغان جايدۇر . يەر مەيدانى 796 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ ، كۆپ قىسىم جايلىرى سۇبتروپىك بەلباغ كىلىماتى ، جەنۇب تەرىپى دېڭىز ياقىسىدىكى جايلار ئىسسىق بەلباغ كىلىماتىغا كىرىدۇ ، دۆلەت بويىچە ھەر قايسى جايلارنىڭ تېمپېراتۇرا پەرقى بىر قەدەر چوڭ .

پاكىستان ھىندىستان ، بىنگال بىلەن ئەسلىدە بىر دۆلەت ئىدى . 1947 - يىلى 8 - ئاينىڭ 14 - كۈنى پاكىستان مۇستەقىللىقىنى ئېلان قىلىپ ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ دومىنيونىغا ئايلاندى . 1964 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى دۆلەت ئىسمىنى پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دەپ ئۆزگەرتتى . 1956 - يىلى 3 - ئاينىڭ 23 - كۈنى پاكىستان بىرىنچى قىسىم ئاساسىي قانۇننى ئېلان قىلىپ دومىنيونىنى جۇمھۇرىيەتكە ئۆزگەرتتى ، بىراق يەنىلا ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىنىڭ ئەزاسى بولۇۋەردى . پاكىستان ھۆكۈمىتى بۇ كۈننى دۆلەت بايرىمى كۈنى قىلىپ بېكىتتى . پاكىستان 1972 - يىلى 1 - ئايدا ئەنگلىيە فېدېراتسىيىسىدىن چېكىنىپ چىققانلىقىنى ئېلان قىلدى .

پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى 1973 - ، 1985 - يىلىنىڭ ئاساسىي قانۇنىغا ئاساسەن ، ئىككى پالاتالىق تۈزۈمنىڭ قانۇن چىقارغۇچى ئورگان ۋە زۇڭلى ئىچكى كابىنېتى تۈزۈمىنى يولغا قويغان . زۇڭتۇڭ دۆلەت رەھبىرى قوشۇمچە دۆلەتلىك قوراللىق ئارمىيىنىڭ ئالىي قوماندانى بولۇپ ، ئۇنى خەلق كېڭىشى ۋە كېڭەش پالاتاسىنىڭ بىرلەشمە يىغىنىدا سايلاپ چىقىدۇ ، مۇددىتى بەش يىل بولۇپ ، ئىككى نۆۋەت سايلىنىشقا بولىدۇ .

پاكىستاننىڭ پايتەختى ئىسلامئاباد ، ئۇنىڭدىن باشقا مۇھىم شەھەرلىرى : كاراچى ، لاھور ، راۋالپىدى ۋە پېشاۋەر قاتارلىقلار .

پاكىستان دۇنيا بويىچە 9 - ئورۇندا تۇ-

رىدىغان نوپۇسى ئەڭ كۆپ دۆلەت بولۇپ، نوپۇسىنىڭ تارقىلىشى ئىنتايىن تەكشى، پەنجاپ ئۆلكىسىنىڭ نوپۇسى پۈتۈن دۆلەت بويىچە 56%نى ئىگىلەيدۇ. پاكىستان كۆپ مىللەتلىك دۆلەت بولۇپ كۆپ خىل تىلنى ئىشلىتىدۇ. ئوردو تىلى دۆلەت تىلى، ئىنگلىز تىلى ھۆكۈمەت تىلى. پاكىستان خەلقىنىڭ 97% تىن كۆپرەكى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىگە كىرىدۇ.

پاكىستاننىڭ تەبىئىي بايلىقى مول، تەبىئىي گاز، نېفىت، تاش تۇز، كۆمۈر ۋە گەج قاتارلىق كان بايلىق زاپىسى ئىنتايىن كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاساسلىقى تەبىئىي گاز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

جۇڭگو — پاكىستان كېلىشىمگە ئاساسەن، جۇڭگو كىشىلىرى پاكىستان چېگرىسىدىن ئۆتكەندە تاشقى ئىشلار، دۆلەت ئىشى ياكى خىزمەت مۇناسىۋىتى بىلەن چەت ئەلگە چىقىش ئادەتتىكى پاسپورتى بولسىلا ۋىزا بېجىرمىسىمۇ بولىدۇ. خۇسۇسىي ئىش بىلەن چېگرىدىن ئۆتىدىغانلار چوقۇم ۋىزا بېجىرىشى كېرەك. شۇنداقلا، پاكىستاندىكى تۇغقانلىرى پاكىستان يەرلىك مەمۇرىي ھۆكۈمەتكە تەستىقلاتقان كېپىللىك بولۇشى كېرەك. بىزنىڭ سودا خادىملىرىمىز پاكىستانغا بارماقچى بولسا، ئادەتتە پاكىستان تەرەپتىكى دوستلىرى، سودا شىركەتلىرى ياكى ئورگانلار ئەۋەتكەن تەكلىپ خېتى بولسا بولىدۇ. پاكىستان تەرەپنىڭ جۇڭگو خادىملىرىنىڭ پاكىستانغا بېرىش ئۈچۈن بېجىرىدىغان رەسمىيەتلىرى بىر قەدەر بوش. ئىككى دۆلەتنىڭ كېلىشىمى بولغاچقا، ۋىزا بېجىرىشنى ئىلتىماس قىلىش ھەققى تۆلىمەيدۇ، بىراق، پاسپورتنىڭ كۈچكە ئىگە ۋاقتىنى تەكشۈرۈش ۋە سالامەتلىك ئىسپاتى ھەققىنى تۆلەيدۇ. بىزنىڭ ئافرىقىدىن دۆلەتكە قايتىدىغان خادىملىرىمىز پاكىستان چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، كۈچكە ئىگە سېرىق كېنىشكىنى كۆرسىتىشى كېرەك.

پاكىستان ھۆكۈمىتى يېقىندا ۋىزا بېجىرىش سىياسىتىنى بوشاشتۇردى، ئاساسلىقى 43 نۇقتىلىق دۆلەتلەرنىڭ مەبلەغ سالغۇچىلىرى ۋە كارخانىچىلىرىنىڭ چېگرىدىن كۆپ قېتىم كىرىپ - چىقىش رەسمىيىتىنى ئۆتەلىشى ئۈچۈن. بۇ 43 دۆلەت دۇنيا بويىچە ئاساسلىق دۆلەت ھالقىغان شىركەتلەر بار دۆلەتلەردۇر.

# پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى

جۇڭگو بىلەن پاكىستان زىچ ئىقتىسادىي ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىگە ئىگە. پاكىستان جۇڭگو بىلەن كۆپ تەرەپلىمە سودا كېلىشىملىرىنى تۈزدى. مەسىلەن، «پاكىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتىنىڭ سودا كېلىشىمنامىسى»، «پاكىستان - جۇڭگو سودا كېلىشىمى» قاتارلىقلار. بۇ كېلىشىملەرگە ئاساسەن، جۇڭگونىڭ بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى ئېتىبار تاموژنا بېجىدىن بەھرىمەن بولىدۇ. پاكىستاننىڭ جۇڭگودىن ئىمپورت قىلغان تاۋارلىرىنىڭ تۆۋەندىكى 16 خىلىدىن باشقا ھەممىسىدىن تاموژنا بېجى ئېلىنمايدۇ. 16 خىل تاۋارلار تۆۋەندىكىلەر: تۈرلۈك سانائەت مەھسۇلاتلىرى، تەييار ياكى يېرىم تەييار بۇيۇملار، پىششىقلانغان تاماكا، سىگار ۋە سىگارېت، ساخارىن، سەرەڭگە، چىلانمىغان چىۋىق ۋە پەنەركە، خام يىپەك، يىپەك پاختا ۋە نەپىس تارالغان پاختا، يىپەك ئارىلاشتۇرۇلغان توقۇلما

بۇيۇم ، سۇنئىي يىپەك پاختا ، ئالتۇن يىپ ۋە كۈمۈش يىپ ، زىنجە كۈمۈش ، كۈمۈش پارچىسى ۋە كۈمۈش تاختا ، كېسىلگەن ئالماس ، كىيىم تىكىش ماشىنىلىرى ، تايلاش ماشىنىسى ، بېنزىن ، كىرسىن ۋە باشقا يورۇتۇشتا ئىشلىتىلىدىغان مېنېرال ماي ، ئاپتوموبىل ۋە ئاپتوموبىل زاپچاسلىرى ، سۈپىتى ناچار مېتال ۋە چاينىڭ قالدۇق ماددىلىرى قاتارلىقلار . پاكىستان بىلەن جۇڭگونىڭ سودا سوممىسى كۆپ ئەمەس . ئۇزۇندىن بۇيان ، پاكىستاننىڭ جۇڭگودىن ئىمپورت قىلغىنى پاكىستان ئىمپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ 3% ـ 5% تىنى ئىگىلىدى ( تەخمىنەن 78 مىليون رۇپىيە ) ، جۇڭگوغا ئېكسپورت قىلغىنى تېخىمۇ ئاز بولدى . يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پاكىستاننىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان سودىسىدىكى تەتۈر پەرق چوڭايدى . 1993 ـ يىلىدىن بۇيان ئىككى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي سودا مۇناسىۋىتى بىر قەدەر راۋاجلاندى . 1994 ـ يىلى بى . بوتو جۇڭگودا زىيارەتتە بولغاندا ئىككى دۆلەت ئاپتوموبىللارنى چېگرىدىن ئۆتكۈزۈش كېلىشىمىنى ئىمزالىدى . جۇڭگونىڭ جىياڭسۇ ئۆلكىسى بىلەن پاكىستاننىڭ پەنجاب ئۆلكىسى كېلىشىمنامە ئىمزالىدى ، ئىككى دۆلەت سۇ بايلىقى ئىلمىدە چۈشىنىش ھاسىل قىلدى . جۇڭگو بىلەن پاكىستاننىڭ ئىقتىسادىي سودا ھەمكارلىق كېلىشىمى ۋە جۇڭگو ـ پاكىستان چېگرا سودا كېلىشىمىنى ئۈزارتىش قاتارلىق ھۆججەتلەرنى ئىمزالىدى . (02)

# ھىندىستان مېتاللارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى تۆۋەنلىتىدۇ

ھىندىستاننىڭ يېقىندا ئېلان قىلغان 1996 ـ ۋە 1997 ـ يىللىق مالىيە خام چوت لايىھىسىدە ، نىكېل بىلەن ئاليۇمىنىدىن باشقا مېتاللارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى ئەسلىدىكى 35% ـ 40% تىن 30% كە چۈشۈرۈدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن . ئۇنىڭدىن باشقا يىرىك ئاليۇمىن بىلەن يىرىك نىكېلنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجى ئۆزگەرمەيدۇ ، يەنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 10% ۋە 20% . بىراق نەپىس تاۋلانغان ئاليۇمىنىنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجى 25% تىن 20% كە ، نەپىس تاۋلانغان نىكېلنىڭ 30% تىن 20% كە تۆۋەنلىتىلىدۇ .

ھىندىستاندىكى كارخانىلار مېتاللارنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنىڭ ھەددىدىن ئارتۇق يۇقىرى بولۇپ ، مۇناسىۋەتلىك كارخانىلارنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرالمايۋاتقانلىقىدىن ئاغرىنىپ كەلگەن ئىدى . ھىندىستان ھۆكۈمىتى ھىندىستاندىكى مېتالچىلىك سانائەتچىلىرىنىڭ مۇۋاپىق پەيتتە خەلقئارا رىقابەتكە ماسلىشىشى لازىملىقىنى نەزەردە تۇتۇپ يۇقىرىقى قارارنى چىقارغان .

مۇتەخەسسىسلەرنىڭ تەھلىل قىلىشىچە ، ھىندىستان قىزدۇرماي پروكاتلانغان پولات ماتېرىياللىرىنىڭ ئىمپورت تاموژنا بېجىنى 40% تىن 30% كە ، ئاپتوموبىل ياساش سانائىتىنىڭ تەننەرخىنى تەخمىنەن 35% تۆۋەنلىتىدىكەن ، بۇ كارخانىنىڭ رىقابەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق ئىكەن . (02)

# ھىندىستان قىممەت باھالىق مېتاللارنى ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋەتتى

ھىندىستان ھۆكۈمىتى يېقىندا بۇ يىل قىممەت باھالىق مېتاللارنى ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىگە قارىتا كەڭ قويۇۋېتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئالتۇن ئىستېمال بازىرىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى قارار قىلدى.

يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھىندىستاننىڭ خۇسۇسىي ئىمپورت سودىگەرلىرى ئىمپورت قىلىدىغان ئالتۇننىڭ چەكلىك مىقدارىنى 10 كىلوگرامغا كۆپەيتتى. بۇ ھىندىستاننىڭ 1993 - يىلىدىن بۇيان ئىككىنچى قېتىم ئالتۇن ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋېتىشى بولۇپ، بۇ چارە شەخسلەرنىڭ ئالتۇن ئىمپورت قىلىش مىقدارىنى بىر ھەسسە ئاشۇرىدۇ.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ھىندىستان نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ ئالتۇن ئىستېمال بازىرى، ئۇنىڭدىن قالسا شياڭگاڭ، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى دىبائى سىنگاپورنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ ئۈچىنچى چوڭ ئالتۇن سودا مەركىزىگە ئايلاندى. نۆۋەتتە ئەرەب بىرلەشمىسى ئىمپورت قىلغان ئالتۇننىڭ 80%تىن كۆپرەكى يەنە ھىندىستان، پاكىستان ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ بازارلىرىغا يەتكۈزۈلسە، قالغان قىسمى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ.

خەۋەر قىلىنىشىچە، ھىندىستاننىڭ ئۆتكەن يىلقى ئالتۇن ئىستېمال مىقدارى 1995 - يىلىغا قارىغاندا 23 توننا ئېشىپ 500 توننىغا يەتكەن. ھىندىستان ئالتۇن ئىمپورت قىلىش چەكلىمىسىنى كەڭ قويۇۋېتىش قارارىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا كىرىشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالتۇن ئىستېمال مىقدارى يەنە داۋاملىق ئېشىپ بارىدۇ ھەمدە شياڭگاڭ، دىبائىنىڭ ئالتۇن بازىرىنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. (03)

# كالىغا سامساق يېگۈزۈشنىڭ پايدىسى كۆپ

كالىغا مۇۋاپىق مىقداردا سامساق يېگۈزسە ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ:

1. ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. سامساق تەركىبىدە باكتېرىيە يوقىتىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچلۈك بولغان بىر خىل ماددا بار بولۇپ ھەر خىل باكتېرىيەلەرنى يوقىتىش رولىغا ئىگە. شۇنىڭ ئۈچۈن كالىغا يېگۈزگەندىن كېيىن ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

2. ئېمىۋاتقان موزايلارنىڭ ئىچ سۈرۈشىنى توختىتىدۇ. موزايلارنىڭ ئىچ سۈرۈشى كۆرۈلگەن ھامان 20 - 30 گرام سامساقنى كۆيدۈرۈپ ئاندىن يېگۈزسە ئۈنۈمى بىر قەدەر

ياخشى بولىدۇ.

3. ئىنەكلەرنىڭ تۇغقاندىن كېيىنكى ئورنىدىن تۇرالماسلىق كېسەللىكىنى داۋالايدۇ. ئىنەكلەرنىڭ داس سۆڭىكى زەخىملەنگەنلىكتىن ئورنىدىن تۇرالماي قالىدۇ، بۇ چاغدا سامساقنى ئېزىپ پەللىگە 6 ـ 7 سانتىمېتىر كەڭلىكتە، 2 ـ 3 سانتىمېتىر قېلىنلىقتا سۈركەپ قويسا ئۇنى داۋالىغىلى بولىدۇ.

4. ئۆچەيگە يەل توشۇپ قېلىش كېسەللىكىنى داۋالايدۇ. يېتىلگەن كالىلارغا يەنچىلگەن سامساقنى مەجبۇرلاپ يېگۈزۈش كېرەك. ئادەتتە مىقدارى 30 گرام سامساق، بىرلىتر سۇ بولسا بولىدۇ. ئىككى ـ ئۈچ قېتىم ئىستېمال قىلدۇرسا تولۇق ساقىيىپ كېتىدۇ.

5. قان توختىتىدۇ. كالىلارنىڭ مۈڭگۈزى ھەرىدەلگەندىن كېيىن قان چىقىدۇ. سامساق ئۇۋىقى بىلەن سۈت پاراشوكىنى ئارىلاشتۇرۇپ قان چىققان يەرگە سۈرسە قان توختايدۇ.

6. كالىلارغا دائىم سامساق يېگۈزۈلسە ساغلاملىقىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ. (02)

# كېۋەز ئېتىزلىرىنى ئوغۇتلاشنىڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى

1. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرۇش.

يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرغاندا تۇپراقنىڭ فىزىكىلىق ھالىتىنى ياخشىلاپ، سۇ يىغىپ نەملىكنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ؛ مىكرو ئورگانىزملارنىڭ ھەرىكىتىنى تېزلىتىپ، كېۋەزنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش شارائىتىنى ياخشىلايدۇ؛ يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولۇپ، كېۋەز تۈپلىرىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ ياۋا ئوت ـ چۆپلەرنى يوقىتىپ، كېسەللىك قۇرتلىرىنىڭ زىيىنىدىن ساقلىيالايدۇ. يەرنى چوڭقۇر ئاغدۇرغاندا تۆۋەندىكى بىر نەچچە نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك:

(1) ئۆزلەشكەن تۇپراق ئۈستىدە، خام تۇپراق ئاستىدا بولۇشى، تۇپراق قاتلىمى قالايمىقان بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك.

(2) چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى تۇپراقنىڭ كونكرېت شەرت ـ شارائىتىغا ئاساسەن بەلگىلىنىشى كېرەك، قانچە چوڭقۇر بولسا شۇنچە ياخشى بولىدۇ دېيىشكە بولمايدۇ، يىلدىن ـ يىلغا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ مېڭىش كېرەك، ئادەتتە 20 ـ 30 سانتىمېتىرغىچە چوڭقۇرلاشتۇرۇلسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

(3) كېۋەز غولىنى يۇلۇۋەتكەندىن كېيىن، كېيىن تېرىلىدىغان زىرائەتلەر (بۇغداي، دادۇر قاتارلىقلار) نى تېرىشتىن بۇرۇن چوڭقۇر ئاغدۇرۇپ، ئاختارمىنى كۆنگە سېلىپ تۇپراقنىڭ ئۆزلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

(4) ئوغۇتلاشنى بىرلەشتۈرگەندە، تۇپراق بىلەن ئوغۇتنىڭ تولۇق بىرىكىشىگە پايدىلىق بولۇپ، خام تۇپراقنىڭ تېزلىكتە ئۆزلەشكەن تۇپراققا ئايلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

(5) يەرنى سۇغىرىپ ئىشلەشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۈستى بوش، ئاستى چىڭ بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يىلتىز سىستېمىسىنىڭ ئېسىلىپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىشىنىڭ ۋە ئۈزۈلۈپ يېرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەك.

2. ئوغۇتلاشنى كۆپەيتىپ ئېلىپ بېرىش

بىرىنچى، ئورگانىك ئوغۇتنى كۆپەيتىپ،

ئوغۇت مەنبەسىنى كەڭ ئېچىش كېرەك؛ ئىككىنچى، ئوغۇتنى نىسبەت بويىچە تەييارلاپ ئوغۇتلاشنى يولغا قويۇپ، ئازوتنى تۇراقلاشتۇرۇپ، فوسفاتنى ئاشۇرۇپ، كالىينى تولۇقلاپ، بورنى كۆپەيتىپ، ئوغۇت نىسبىتىنىڭ بۇزۇلۇشىدىن ساقلىنىش كېرەك.

3. مۇۋاپىق سۇغىرىش

مۇۋاپىق سۇغىرىش ئارقىلىق، تۇپراق تەركىبىدىكى سۇ، ئوغۇت، ھاۋا ۋە ئىسسىقلىق ھالىتىنى تەڭشەش كېۋەزنىڭ ئۆسۈشىگە پايدىلىق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى تۇپراق بىلەن ئوغۇتنىڭ ئۆزئارا بىرلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تۇپراقنىڭ ئۆزلىشىشىنى تېزلىتىدۇ.

4. نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ تېرىش

ئوخشاش بولمىغان زىرائەتلەرنىڭ تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىسى ۋە سۇغا بولغان ئېھتىياجى، تېرىلغۇنى باشقۇرۇشقا بولغان تەلىپى ھەمدە كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى، ياۋا ئوت - چۆپلەرگە قارىتا قارشى تۇرۇش كۈچى ئوخشاش بولمايدۇ. ئىلمىي ھالدا نۆۋەت بىلەن ئالماشتۇرۇپ تېرىغاندا، كېسەللىك ۋە ھاشارات زىيانداشلىقى ھەم ياۋا ئوت - چۆپلەرنىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. دېھقانچىلىققا دائىر ماقال - تەمسىللەردە ئېيتىلغان: «ئالماشتۇرۇپ تېرىش ئوغۇتلىغانغا باراۋەر» دېگەن سۆز دەل مۇشۇ داۋلىغا ئاساسلانغان.

5. ئۆستۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ،

كېۋەز ئېتىزلىقىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئاساسىدا نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېرىپ ئارىلىق قالدۇرۇش ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈپ تېرىش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆستۈرۈش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ ياخشى دەۋرىيلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، بولۇپمۇ پۇرچاق تىپىدىكى زىرائەتلەر ۋە يېشىل ئوغۇتنى تېرىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، كېۋەز ئېتىزلىقىنىڭ ئوغۇت كۈچىنى ياخشىلاش ۋە يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. (03)

# كېۋەزچىلىك ئۇچۇرلىرى

كېۋەزچىلىك شىنجاڭنىڭ ئەۋزەل كەسپى بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىگىلىكىدە مۇھىم ئورۇندا تۇرۇپلا قالماستىن، دۆلىتىمىزنىڭ كېۋەزچىلىك تەرەققىياتىدىمۇ مۇھىم رول ئوينايدۇ. شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشى 80 - يىللاردىكى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون 584 دەن، بىرلىك مەھسۇلاتى 29.16 كىلوگرامدىن 1995 - يىلىدىكى ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 18 مىليون 500 مىڭ دەنگە، بىرلىك مەھسۇلاتى 83.5 كىلوگرامغا يەتتى. شىنجاڭنىڭ پاختا ئىشلەپچىقىرىشىدىكى زور ئەۋزەللىك ۋە يوشۇرۇن كۈچىنى نەزەردە تۇتۇپ، دۆلەت شىنجاڭنى بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيىنى تاۋار پاختا ۋە ئەلا سۈپەتلىك پاختا بىلەن تەمىنلەيدىغان ئېكسپورت بازىسى قىلىشنى قارار قىلدى، مۇئاۋىن زۇڭلى جۇ رۇڭجىمۇ 2000 - يىلىغىچە شىنجاڭنىڭ پاختىلىرى مەملىكەت ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 50% نى ئىگىلەيدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى «بىرلىك مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشنى ئاساس قىلىش، تېرىلغۇ كۆلىمىنى مۇۋاپىق كۆپەيتىش» تىن ئىبارەت پاختا ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى ھەم مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە پاختا تېرىلغۇ كۆلىمىنى 16 مىليون موغا، ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنى 30 مىليون دەنگە يەتكۈ-

زۇشتىن ئىبارەت مۇھىم تەدبىر ۋە ستراتېگىيىلىك نىشاننى ئوتتۇرىغا قويدى .

شىنجاڭنىڭ بۇ نىشاننى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى قوللاش ئۈچۈن دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى دۆلەتنىڭ « 9 - بەش يىللىق » دېھقانچىلىق پەن - تېخنىكىسى ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش تۈرى بولغان « شال ، بۇغداي ، كۆممىقوناق ، پاختا ، پۇرچاقنى چوڭ كۆلەملىك ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ، ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش » تۈرىگە « پاختىنى چوڭ كۆلەملىك ، يۇقىرى مەھسۇلاتلىق ئۈنۈۋېرسال يۈرۈشلەشتۈرۈپ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش » تەتقىقات تېمىسىنى كىرگۈزدى . بەش يىلدا تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن 12 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىنىدۇ ، شىنجاڭ رايونىغا 1:15 نىسبەت بويىچە تەقسىم قىلىنىدۇ .

بۇ تەتقىقات تېمىسىنىڭ كۆلىمى چوڭ ، كۆرسەتكۈچى يۇقىرى ، قىيىنچىلىق چوڭ . بۇ تېمىنىڭ ئوڭۇشلۇق تاماملىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئىلمىي تەتقىقات ، ئوقۇتۇش ، ئومۇملاشتۇرۇش ، ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاش روھىغا ئاساسەن 1995 - يىلىدىن 1996 - يىلى 3 - ئايغىچە پۈتۈن مەملىكەت ۋە شىنجاڭدا ئومۇمىيۈزلۈك ئاشكارە خېرىدار چاقىرىپ ، سۈپەتلىك ئۇرۇق يېتىشتۈرۈش ، ئۆستۈرۈش ، فىزىئولوگىيە ، بىئوخىمىيە ، تۇپراق ، ئۆسۈملۈك ئاسراش ، ئېتىز - ئېرىق سۇ ئىنشائاتى ، بىئولوگىيە تېخنىكىسى ، دېھقانچىلىق ماشىنىلىرى ، ھاۋا رايى ، ئۇچۇر سىستېمىسى ۋە تەشكىلىي باشقۇرۇش قاتارلىق كۆپ پەنلىك ، كۆپ تارماقلىق ئۈنۈۋېرسال قوشۇن تەشكىللەپ ئەسىر ھالقىيدىغان بۇ قۇرۇلۇشنى ئۇلارغا تاپشۇردى .

بۇ تەتقىقات تېمىسى تۆت مەخسۇس تېمىغا ، 16 تارماق تېمىغا بۆلۈنىدۇ . 1995 - يىلى ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرىنچى قارارلىق خېرىدار چاقىردى ، 1996 - يىلى 1 - ، 3 - ئايدا « كېۋەزدىكى ئاساسلىق زىيانداش ھاشاراتلاردىن بىئولوگىيىلىك ئۇسۇلدا ئالدىنى ئېلىش تېخنىكىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش » ۋە « كېۋەزلەرگە ئىشلىتىلىدىغان مەخسۇس بىرىكمە ئوغۇت ئۈستىدە تەتقىقات ۋە ئۈلگە كۆرسىتىش » تىن ئىبارەت ئىككى مەخسۇس تېمىدا مەملىكەت بويىچە ئىككىنچى قېتىملىق خېرىدار چاقىردى .

96 - يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىم يىلىدا ، ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى مەخسۇس تېمىلارنى كۆتۈرىگە ئالغۇچى ئورۇنلار بىلەن 33 تۈرلۈك توختام تۈزدى ، ئىككىنچى قېتىملىق خېرىدار چاقىرىشتا تۆت ئورۇن ئىككى مەخسۇس تېما بويىچە ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى بىلەن توختام تۈزدى . دۆلەت پەن - تېخنىكا كومىتېتى تەتقىقات تېمىسى ئۈچۈن ئاجراتقان بىرىنچى قېتىملىق راسخوتمۇ ئاپتونوم رايونلۇق پەن - تېخنىكا كومىتېتى ئارقىلىق ھەر قايسى ئورۇنلارغا يەتكۈزۈپ بېرىلدى ، تېمىلارنى كۆتىرىگە ئالغۇچى ئورۇنلارمۇ تېمىلارغا نىسبەتەن ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە يۈرگۈزۈش ئېلىپ باردى ، ھازىر مەزكۇر تەتقىقات تېمىلىرىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئېچىش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلىۋاتىدۇ .

(02)

# قازاقىستاننىڭ چوڭ تىپتىكى مېتاللورگىيە كارخانىلىرىدا ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ زور تىپتىكى مېتاللورگىيە زاۋۇتلىرىنى ئۈنۈمى تۆۋەن، كونىراپ كەتكەن، ھەددىدىن تاشقىرى زور، كۆپ قەرزگە بوغۇلغان، پايدا ئالغىلى بولمايدىغان كارخانا، دەپ قاراشقا ئادەتلەنگەن. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ پارچىلىنىشى بۇ كارخانىلارنىڭ روسىيىدىكى سېتىش يولىنى توسۇپ قويدى، قازاقىستاننىڭمۇ بۇ كارخانىلارغا ياردەم بەرگۈدەك كۈچى يوق.

لېكىن يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيان ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى. بۇنىڭدىن ئىككى يىل ئاۋۋال كورىيىنىڭ «ئۈچ يۇلتۇز» ھەمكارلىق شىركىتى مىس مېتال تاۋلاش زاۋۇتىنىڭ تىجارەت باشقۇرۇش كېلىشىمىگە ئىمزا قويۇپ شىركەت قۇردى. ئارقىدىنلا «ئۈچ يۇلتۇز» شىركىتى جېزقازغان مىس تاۋلاش بىرلەشمە شىركىتىنىڭ 40% پاي چېكىنى سېتىۋالدى، ئۇلار يىل ئاخىرىدا تېخىمۇ زور پايدىغا ئېرىشىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. «ئۈچ يۇلتۇز» شىركىتى 200 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىپ كارخانىنى ئۆزگەرتتى، ھازىر مەھسۇلات مىقدارى ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاشتى، ھەر ئايدا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان مىس مەھسۇلاتى 18 تونىنىغا يەتتى، شىركەت بۇنىڭدىن كېيىنكى 15 يىل ئىچىدە يەنە 100 مىليون ئامېرىكا دوللىرى مەبلەغ سېلىشنى پىلانلىماقتا.

ھازىر باش شتابى ئالماتادىكى «ياۋروپا ئاسىيا بانكىسى» مەبلەغ چىقىرىپ يىللىق مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليون تونىنىغا يېتىدىغان يېرماكوۋ تۆمۈر قېتىشمىسى زاۋۇتىنى سېتىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ زاۋۇتقا يېقىن جايلاشقان خروم رۇدىسى مەيدانىنىڭ خوجايىنى بولدى، بۇ كارخانىنىڭ ئىگىلىكىدە يەنە پاۋلوۋ ئالىيومىن زاۋۇتى ۋە سوكولوۋسكىي — ساربايىسكىي ئالىيومىن رۇدىسى مەيدانى قاتارلىقلار بار، ھازىر بەشتىن تۆت قىسىم كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەپچىقىرىش ئەسلىگە كەلدى.

1995 - يىلى قازاقىستاندىكى نۇرغۇنلىغان كان ۋە مېتاللورگىيە بىرلەشمە شىركەتلىرى شەخسىي مەبلەغ سالغۇچىلارغا ئارقا - ئارقىدىن سېتىپ بېرىلدى، بۇ كارخانىلارنى سېتىۋالغۇچىلار ئاساسەن چەت ئەللىك كارخانىچىلار بولۇپ، يۇقىرىدىكى «ئۈچ يۇلتۇز» شىركىتىدىن باشقا يەنە Gerald مېتال شىركىتى، Glencore شىركىتى، دۇنيا كانچىلىق شىركىتى ۋە قازاقىستان سودا بانكىسى قاتارلىقلار بار. بۇ شىركەتلەرنىڭ ئىچىدە باشلامچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى قازاقىستان سودا بانكىسى، بۇ بانكا ئۇست - كامېنوگورسكى شەھىرىنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئۈچ چوڭ تىپتىكى مىس سىنك زاۋۇتىنىڭ كونترول قىلىدىغان پاي ھوقۇقىنى ئىگىلەپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن قالسا «دۇنيا كانچىلىق شىركىتى»، بۇ شىركەت كانادادىكى چوڭ شىركەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

نۇرغۇنلىغان مېتاللورگىيە كارخانىلىرى ئىچىدە پەقەت «بالقاش» مىس مېتال تاۋلاش زاۋۇتى ھازىرغىچە سېتىلمىدى، لېكىن نۇرغۇنلىغان چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ شىركەتنى سېتىۋېلىشنى ئويلاشماقتا.

چەت ئەللىك مەبلەغ سالغۇچىلار بۇ

كارخانىلارنى باشقۇرغان كۆندىن باشلاپ شۇ كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى روشەن ئاشتى.

بۇ ئەھۋاللار قازاقىستان ئىقتىسادىنىڭ قاتلىنىشىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. 1995 - يىلى قازاقىستان مال ئېكسپورت قىلىپ تاپقان ئومۇمىي كىرىمنىڭ 45% ى مېتال مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق كىرگەن. 1995 - يىلى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېكسپورت قىلىپ تاپقان پايدا پەقەت 5% 33 بولدى. مېتال مەھسۇلاتلارنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق كىرگەن تاشقى پېرېۋوت قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە زور مىقداردىكى خىراجەت سۈپىتىدە ئىشلىنىپ بولاي دەپ قالغان دۆلەت خام چوت ھېساباتىغا كىرگۈزۈلۈپ، نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېكسپورت قىلىش ئارقىلىق مۇئەييەن ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، لېكىن بۇنىڭغا ئۇزاق ۋاقىت كېتىدۇ. (01)

يېقىنقى بىر نەچچە يىلدىن بۇيانقى قازاقىستاننىڭ مېتال مەھسۇلات مىقدارى

بىرلىكى: 10 مىڭ توننا

| يىل / مېتال ئىسمى | 1993 - يىلى | 1994 - يىلى | 1995 - يىلى |
| --- | --- | --- | --- |
| چويۇن | 570.50 | 482.25 | 721.15 |
| پولات ماتېرىياللىرى | 343.60 | 235.69 | 214.09 |
| تۆمۈر قېتىشمىسى | 77.66 | 63.53 | 78.23 |
| ساپ مىس | 31.76 | 27.84 | 25.56 |
| سىنك | 23.85 | 17.25 | 16.91 |
| ئالتۇن (توننا) | 13.7 | 14.1 | 14.6 |

# قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى ياخشىلىنىشقا قاراپ يۈزلەندى

1996 - يىلنىڭ باشلىرىدا قازاقىستاننىڭ زۇڭتۇڭى نەزەربايېۋ، 1996 - يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ مەركىزى خىزمىتى - ئىگىلىكنى كاساتلىشىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۆسۈشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت، دەپ ئېلان قىلغان. بۇ نىشان ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشتى. پۈتۈن يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 20 مىليارد 700 مىليون دوللار بولۇپ، 1995 - يىلغا قارىغاندا 1% ئاشقان. ئۆتكەن يىلى 1 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئېكسپورت سوممىسى 4 مىليارد 270 مىليون دوللار بولۇپ، 1995 - يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە سېلىشتۇرغاندا 37% ئاشقان. پۇلنىڭ پاخاللىشىش نىسبىتى 21.2% بولۇپ، ئالدىنقى يىلنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكى 144% كە سېلىشتۇرغاندا كۆپ تۆۋەن بولغان. ھەر خىل ئەھۋاللار شۇنى بىلدۈرۈدىكى، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىدا بۇرۇلۇش بارلىققا كېلىشكە باشلىغان.

بىر يىلدىن بۇيان، قازاقىستان ھۆكۈمىتى

ئىقتىسادنى تۇراقلاشتۇرۇپ ، پۇلنىڭ پاخاللىشىشىنى توساش ئۈچۈن ، مالىيە ۋە باج يىغىش جەھەتتە ماكرولۇق كونترول قىلىش ئۇسۇلىنى قوللاندى .

مالىيە جەھەتتە : ھۆكۈمەت پۇلنىڭ تارقىلىش مىقدارىنى قاتتىق كونترول قىلىپ ، مالىيە قىزىل رەقىمىنى قىسقارتتى ، ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرلىك خام چوت چىقىمىنى كۆپەيتتى . ئۆتكەن يىلنى ئالدىنقى يىل بىلەن سېلىشتۇرغاندا ، قازاقىستاننىڭ پۇل تارقىتىش مىقدارى %1.5 ئازايدى . مالىيە قىزىل رەقىمى %1 قىسقاردى ، 1996 - يىلى قازاقىستان ھۆكۈمىتى غەيرىي ئىشلەپچىقىرىش خاراكتېرىدىكى ئىجتىمائىي خام چوت چىقىمىنى ئازايتتى ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ، سانائەت ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا قارىتا سېلىنمىنى نىسپىي ھالدا كۆپەيتتى . ستاتىستىكا قىلىشلارغا قارىغاندا ، ئۆتكەن يىلى ، قازاقىستاننىڭ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىغا سالغان مەبلىغى ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا %2 ئاشقان ، شۇنىڭ بىلەن يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ تەرەققىياتى ئۈنۈملۈك ھالدا ئىلگىرىلەپ ، ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارى ئالدىنقى يىلغا قارىغاندا ئېشىپ 13 مىليون توننىغا يەتكەن .

باج يىغىش جەھەتتە : قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1995 - يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدىن باشلاپ يېڭى پايدا بېجى ئىسلاھات لايىھىسىنى يولغا قويغان . سانائەت ، يېزا ئىگىلىك قاتارلىق ئىقتىسادىي ئورۇنلارنىڭ ئەسلىدە بار بولغان 46 خىل باج تۈرىنى يىغىنچاقلاپ 11 خىلغا چۈشۈرگەن . مىللىي سانائەتنى قوغداش ئۈچۈن قازاقىستان ھۆكۈمىتى بېنزىن ، نېفىت مەھسۇلاتلىرى ، تەبىئىي گاز ، ماشىنا ، ئىچىملىك ، ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ، ئالىي دەرىجىلىك كۈندىلىك ئىستېمال بۇيۇملىرىنىڭ ئىمپورت بېجىنى %15 ئۆستۈرگەن . شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يۇقىرىقى مەھسۇلاتلارنىڭ ئىستېمال بېجىنىمۇ ئۆستۈرگەن ، ئېكسپورتنى رىغبەتلەندۈرۈش ئۈچۈن ، ئېكسپورت قىلىنىدىغان ئاشقان قىممەت بېجىنى قايتۇرىدىغان تاۋارلارنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتكەن . قارىغاندا ، بۇ خىل تەدبىر قازاقىستان تاشقى سودا ئېكسپورت سوممىسىنىڭ زور دەرىجىدە ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرگەن . ھۆكۈمەتنىڭ ماكرولۇق ئىقتىسادىي سىياستى يېتەكچىلىكىدە ، قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى كۆرۈنەرلىك ھالدا ياخشىلاندى ، بىراق ، يەنە نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ تۇرماقتا .

ئالدى بىلەن ، دۆلەت ئىچىدىكى ھەتتا مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۆچ بۇلۇڭ قەرز نۆۋەتتە دۇچ كېلىۋاتقان ئەڭ چوڭ قىيىن مەسىلە بولۇپ ، بۇ نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىغا ئېغىر ھالدا تەسىر كۆرسەتمەكتە . پەقەت ئۆلتۈر ئالدىنقى توققۇز ئاي ئىچىدە ، قازاقىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ ئوبلاستنىڭ ئۆزبېكىستانغا تاپشۇرمىغان تەبىئىي گاز پۇلى 70 مىليون دوللارغا يېتىپ ، ئۆزبېكىستاننىڭ تەبىئىي گاز ئىشلەپچىقىرىدىغان تارماقلىرى تېگىشلىك كىرىمگە ئىگە بولالمىغان .

ئۇندىن قالسا ، قازاقىستاندىكى بەزىبىر مۇھىم سانائەت تارماقلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى مۇشكۈل شارائىتتىن يەنىلا قۇتۇلالمايۋاتىدۇ . ئۆتكەن يىلىنىڭ ئالدىنقى توققۇز ئېيىدا ، مېتاللورگىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ، ئالدىنقى يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىگە قارىغاندا %21.3 ، نېفىت خىمىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى %25 ، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى %29.2 ، ئېلېكتر ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى %9.7 تۆۋەنلەپ كەتكەن . مۇشۇ چوڭ كارخانىلار ئېغىر زىيان تارتقانلىقتىن ، قەرز

پۇلنى تۆلەشكە كۈچى يەتمەي، بۇ كارخانىلارغا قەرز پۇل بېرىپ تۇرىدىغان بەزى بانكىلارنىڭ كىرىم چىقىمنى قاپلىيالماسلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

بۇ خىل ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، قازاقىستان ھۆكۈمىتى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانىلارنىڭ خۇسۇسىيلىشىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى ھەمدە نۇرغۇن چوڭ تىپتىكى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى كارخانىلارنى چەت ئەللىكلەرنىڭ باشقۇرۇشى ئۈچۈن سېتىپ بەردى. بۇ ئىش، قازاقىستان پۇقرالىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىدى. بەزى ئىقتىسادىي مۇتەخەسسىسلەرنىڭ كۆز قارىشىچە، بۇنداق قىلغاندا، ھۆكۈمەت ۋاقىتىنچە نۇرغۇن تاشقى پېرېۋوتقا ئىگە بولغان بىلەن، زور تۈركۈمدىكى ئىشچىلارنىڭ ئىشسىزلىقىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، يۇقىرىقى قىيىنچىلىقلارنى قانداق ھەل قىلىش، قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ 1997 - يىللىق ئىقتىسادىي خىزمىتىنىڭ مەركىزى ۋەزىپىسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

## ئوتتۇرا غەربىي ئاسىيا خەلقئارا نېفىت تۇرۇبىسىنى ياتقۇزىدۇ

تۈركمەنىستان ھۆكۈمىتى بىلەن ئامېرىكا «يۇنوكار» شىركىتى تۈركمەنىستاندىن باشلىنىپ ئافغانىستان ئارقىلىق پاكىستانغا بارىدىغان نېفىت تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش توغرىسىدىكى كېلىشىمنى ئىمزالىدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە تۈركمەنىستاننىڭ زۇڭتۇڭى سەپەر مۇرات. نىيازوۋ ئافغانىستان، پاكىستان ۋە ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى بىرلىكتە تەشكىللىگەن تۇرۇبا ياتقۇزۇش مالىيە گۇرۇھىنى تەكلىپ قىلدى. ئۇ يەنە نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبا لىنىيىسى قازاقىستان چېگرىسىدىن ئۆتىدىغان بولغاچقا قازاقىستاننىڭمۇ بۇ مالىيە تەشكىلاتىغا قاتنىشىشى كېرەكلىكى توغرىسىدا توختىلىپ ئۆتتى.

ياتقۇزۇلىدىغان گاز تۇرۇبىسىنىڭ تۇنجى يىلىدىكى گاز يەتكۈزۈش مىقدارى 20 مىليارد كۇب مېتىر بولىدۇ.

تۈركمەنىستان ئاخبارات ساھەسىدىكىلەرنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، بۇ قۇرۇلۇشنى پۈتكۈزۈش ئۈچۈن 3 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرى كېتىدىكەن.

دەسلەپتە ئېلان قىلىنغان خەۋەرلەرگە قارىغاندا، گاز يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنىڭ ئومۇمىي ئۇزۇنلۇقى 1200 - 1300 كىلومېتىر بولۇپ، تۈركمەنىستان چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇق 140 كىلومېتىر، پاكىستان چېگرىسى ئىچىدىكى ئۇزۇنلۇق 400 كىلومېتىر، قالغان ئۇزۇنلۇق ئافغانىستاننىڭ چېگرىسى ئىچىدە بولىدىكەن.

ئافغانىستاننىڭ ۋەزىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، نىيازوۋ ھەقىقىي مۇكەممەل بىتەرەپ مەيداندا قەتئىي تۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، ئۇ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قوغدىشى ئاستىدا تېنچلىق بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ مەسىلىنى ھەل قىلىپ، خەلقئارا نېفىت يەتكۈزۈش تۇرۇبىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشىنى تاماملاش ئۈچۈن شەرت - شارائىت يارىتىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. (01)

## قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى

كۈندىن كۈنگە يېڭىلىنىۋاتقان ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى، ئىچىدىكى قۇياش ئېنېرگىيەلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ئىستېمال بازىرىدا كىشىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغايدىغان مەھسۇلاتقا ئايلاندى.

ياۋروپا بىلەن ياپونىيە ھاۋا تەڭشىگۈچ، فوتو ئاپپارات، توڭلاتقۇ قاتارلىق قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى كەينى - كەينىدىن بازارغا سالدى.

قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنىڭ ئىقتىدارى تولۇق، يېڭىچە مەھسۇلات بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ھازىرقى ئىستېمال ئەھۋالىغا ناھايىتى باب كېلىدۇ. مەسىلەن: قۇياش ئېنېرگىيىلىك تېلېفوننى ئالساق ئۈستىدىكى قۇياش ئېنېرگىيە قوبۇل قىلغۇچىنى قۇياشقا قارىتىپ بىردەم زەرەتلىگەندە تېلېفوننى ئون نەچچە كۈن بىمالال ئىشلەتكىلى بولىدۇ؛ قۇياش ئېنېرگىيىلىك تېلېۋىزورنىڭ يېرىم ئۆتكۈزگۈچلۈك كرېمنىيلىق نۇر ئالماشتۇرغۇچنى كۈندۈزى بالكونغا قويۇپ ئالتە سائەت قۇياش ئېنېرگىيىسىنى قوبۇل قىلدۇرغاندىن كېيىن تېلېۋىزورنى 8 - 16 سائەت ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

مەملىكىتىمىز ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا ئېھتىياجى چوڭ دۆلەت بولۇپ ئېنېرگىيە سەرپىياتى زور ئەمما ئېلېكتر كۈچى، كۆمۈر بايلىقى ئىنتايىن قىس. قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىنى ئېچىشنىڭ ئىستىقبالى كەڭ.

ئىستېمال بازىرىدىكى ئابرويلۇق ئەربابلارنىڭ قارىشىچە، ئەگەر 20% ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرى قۇياش ئېنېرگىيىلىك بولسا، مەملىكىتىمىزدە يىلىغا ھەر تۈرلۈك قۇياش ئېنېرگىيىلىك ئائىلە ئېلېكتر سايمانلىرىغا بولىدىغان ئېھتىياج 15 مىليون دانىگە يېتىدىكەن.

شاھزادىم سېيىت (ت)

## شىنجاڭ چېگرا سودىسىدىكى ئېكسپورتنىڭ ماھىيىتى

شىنجاڭ سەككىز دۆلەت بىلەن چېگرىداش بولۇپ، چېگرا ئۇزۇنلۇقى 5600 كىلومېتر، 15 چېگرا ئېغىزى ئېچىلىپ بولدى، تاشقى سودىنىڭ يوشۇرۇن كۈچى غايەت زور، ئىستىقبالى پارلاق، 1995 - يىلى چېگرا سودىسى 695 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن، ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 52.6% ىنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن 1996 - يىلى 1 - ئايدىن 7 - ئايغىچە قىلىنغان ستاتىستىكىغا قارىغاندا، چېگرا سودىسىنىڭ ئىمپورت - ئېكسپورت مىقدارى 313 مىليون 790 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇلتۇر ئوخشاش مەزگىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 18 مىليون 644 مىڭ ئامېرىكا دوللىرى ئازلاپ 5.6% تۆۋەنلىگەن، ئۇ پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز تاشقى سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ 55.92% نى ئىگىلەيدۇ.

ماكرولۇق جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، چېگرا سودىسى ئېكسپورتىنى شەرت قىلغان ئامىللار كۆپ تەرەپلىمىلىككە ئىگە.

بىرىنچىدىن، دۆلەت ماكرولۇق تەڭشەپ

كونترول قىلىش دىنامىكىسىنى ئاشۇرۇپ، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەريانىدا تاشقى سودىنى باشقۇرۇش يېڭى مېخانىزمىنى بەرپا قىلدى، ئەكسىنچە نۇرغۇن چېگرا سودا كارخانىلىرى بۇ خىل تۈزۈلمىگە ۋاقتىنچە ماسلىشالمىدى. ئىككىنچىدىن، پېرېۋوت نىسبىتى بىر ئىزغا چۈشۈپ، ئېكسپورت بېجىنى قايتۇرۇش نىسبىتى تۆۋەنلەپ، ئېكسپورتنىڭ كرېدىت پايدا نىسبىتى يۇقىرىلىدى، بۇنىڭ بىلەن كارخانىلارنىڭ تەننەرخى ئېشىپ، ئۈنۈمى تۆۋەنلىدى. ئۈچىنچىدىن، چېگرا سودا كارخانىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىنى باشقۇرۇش يېتىشەلمىدى. تۆتىنچىدىن، چارۋا مەھسۇلاتلىرى ۋە كېرەكسىز، كونا مېتاللارنىڭ ئىمپورت قىلىنىشى نۇقتىلىق پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى ۋە كەسپىي باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچراپ، تۈركۈملەپ ئىمپورت قىلىشقا بولماي قالدى، ئېكسپورت قىلىشمۇ توسقۇنلۇققا ئۇچرىدى. بەشىنچىدىن، چېگرا ئېغىزلىرىدا قالايمىقان ھەق ئېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولۇپ، گەرچە كۆپ قېتىم رەتكە سېلىنغان بولسىمۇ، يەنىلا كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمى بولمىدى. مەسىلەن، 1996 ـ يىلى 5 ـ ئايدا شىنجاڭ ئاپتونوم رايونى چېگرا سودىسى شىمالىي شىنجاڭ تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قورغاس چېگرا ئېغىزىدا جەمئىي 38 ھەق ئېلىش ئورنىنى بايقىغان بولۇپ، ئۇنىڭ تۈرلىرى 200 دىن ئاشىدۇ.

چېگرا سودىسى ئېكسپورتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش كېرەك:

بىرىنچىدىن، ئىلمىي باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، «ئاشكارا بولۇش، ھەققانىي بولۇش، ئادىل بولۇش، ئۈنۈملۈك بولۇش» پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، رېئاللىققا بېقىپ، «ساقلاش، تايىنىش، ئېلىش» خىياللىرىنى چىقىرىپ تاشلاش ھەمدە ئىسلاھاتنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، چېگرا سودا كارخانىلىرىنىڭ يۈزە باشقۇرۇشتىن تۈجۈپىلەپ باشقۇرۇشقا ئۆتۈشىنى تېزلىتىش كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئېكسپورتنى ئاشۇرۇشتا ئاساسلىقى سۈپەت ۋە ئۈنۈمگە تايىنىش مېخانىزمىنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىلگىرىكى ئۈنۈمگە ئېتىبار بەرمەي، پەقەت ئېكسپورت كۆلىمىگىلا ئېتىبار بېرىدىغان بىر تەرەپلىمىلىك ئۇسۇلنى ئۆزگەرتىش ھەمدە ئاكتىپلىق بىلەن كۆلەم ۋە ئۈنۈمنىڭ ئەڭ ياخشى بىرلىشىش نۇقتىسىنى ئىزلەش كېرەك. شۇنداقلا ماددىي، مالىيە ۋە ئادەم كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، بازارلاردا يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە تاۋارلارنى، بولۇپمۇ تېخنىكىلىق مىقدارى ۋە قوشۇمچە قىممىتى يۇقىرى بولغان تاۋارلارنى يارىتىش ھەم تىجارەت قىلىش كېرەك، ئەڭ مۇھىمى، داڭلىق ماركىلىق مەھسۇلاتلارنى ستراتېگىيىلىك ئېچىش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، كارخانىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تەننەرخنى تىرىشىپ تۆۋەنلىتىپ، خىراجەتنى ئازايتىپ، ئېكسپورت ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇش كېرەك. تۆتىنچىدىن، جۇغراپىيىلىك ۋە تەبىئىي بايلىق ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، قوشنا دۆلەتلەردە بازار ئېچىپ، تەدرىجىي ھالدا پۈتۈن دۇنياغا نۇر چاچقۇزۇش كېرەك. بەشىنچىدىن چېگرا سودىسى خەلقئارا سودىغا قاراپ يۈزلىنىشى كېرەك. ئالتىنچىدىن، «سودا ئارقىلىق چېگرىنى گۈللەندۈرۈش»، «شەرق بىلەن بىرلىشىپ غەربكە چىقىرىش، ئىچكى قىسىمغا قارىتا جەلپ قىلىش، سىرتقا قارىتا بىرلىشىش» تىن ئىبارەت سودا ئارقىلىق چېگرىنى گۈللەندۈرۈش ستراتېگىيىسىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ چېگرا سودا ئىشلىرىنى جۇش ئۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىش كېرەك.

(03)

## قازاقىستان « خەلقئارالىق ئىلىپ ساتارلار ئىقتىسادى » مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى

قازاقىستان « خەلقئارالىق ئىلىپ ساتارلار ئىقتىسادى » قازاقىستاننىڭ پۈتكۈل ئىقتىسادىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىدى، ئۇلارنىڭ ھەر يىللىق ئىمپورت - ئېكسپورت مىقدارى 2 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ، قازاقىستان تاشقى سودا ئومۇمىي مىقدارىنىڭ بەشتىن بىرىنى ئىگىلەيدۇ.

قازاقىستاننىڭ ئەڭ يېڭى بىر سان « پۈتۈن مەنزىرە ھەپتىلىك گېزىتى » دە خەۋەر قىلىنىشىچە، قازاقىستاندا « خەلقئارالىق ئىلىپ ساتارلار ئىقتىسادى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەملەر سانى نۆۋەتتە 150 مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. قازاقىستان سانائەت سودا مىنىستىرلىكىنىڭ ئەمەلدارى « خەلقئارالىق ئىلىپ ساتارلار ئىقتىسادى » قازاقىستاننىڭ گۈللىنىشىدە، قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىچى بازارلىرىدىكى تاۋار كەمچىل بولۇشتەك ھالەتنى تەگشەش بىلەن بىر ۋاقىتتا قازاقىستاندىكى ئىشسىزلارنى يېڭى ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلەيدۇ، لېكىن بۇ تاۋار ئىمپورت - ئېكسپورتنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىنىڭ خىزمىتىگە نىسبەتەن مۇئەييەن قىيىنچىلىقلارنىمۇ ئېلىپ كېلىدۇ، دېدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، نۆۋەتتە قازاقىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ھەر يىللىق تاۋارلارنى پارچە سېتىش سودىسى 3 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئىمپورت تاۋارلىرى 55% نى ئىگىلەيدۇ. (03)

## قازاقىستان ھۆكۈمىتى قوللانغان يېڭى سىياسەت بىزنىڭ چېگرا سودىمىزغا چوڭ تەسىر كۆرسەتتى

قازاقىستان ھۆكۈمىتى 1995 - يىلى 11 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ ئىمپورت قىلىنغان ماللاردىن ئېلىنىدىغان باجنىڭ يېڭى ئۆلچىمىنى يولغا قويغاندىن بۇيان، قورغاس چېگرا ئېغىزىنىڭ تاشقى سودا ئىمپورت - ئېكسپورت ۋە ئاشخانا، مۇلازىمەت ئورۇنلىرى زور تەسىرگە ئۇچراپ، چېگرا سودىسى تازا ياخشى بولماي قالدى.

ئىگىلەشلەرگە قارىغاندا، قازاقىستان تاموژنىسى، قازاقىستان چېگرىسىدىن ئۆتكەن ھەر قانداق يولۇچى ياكى باشقا خادىملارنىڭ بىر ئادەم 1000 ئامېرىكا دوللىرى قىممىتىدىكى مالنى ئېلىپ كىرىشكە بولىدىغانلىقى، ئېشىپ كەتكەن قىسمىدىن باج ئېلىنىدىغانلىقى ھەممە ئېكسپورت ماللىرىنى توشۇيدىغان ماشىنىلارنىڭ ھەر بىرسى 2000 - 3000 ئامېرىكا دوللىرى تاپشۇرسا ئاندىن قارشى تەرەپنىڭ چېگرىسىغا كىرىشكە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بەلگىلىمە چىقارغان. شۇنىڭدىن بۇيان چېگرا ئېغىزىدا چېگرا سودىسى-تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملار، شىركەتلەر، چەت ئەلگە توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ئورۇنلار ھېچقانداق پايدىغا ئېرىشەلمەي قالغان

بەزىلىرى ھەتتا زىيانغا ئۇچرىغان . ستاتىستىكا قىلىشقا قارىغاندا ، ئۆتكەن يىلنىڭ باشلىرى چېگرا ئېغىزىدىكى ھەر قايسى مېھمانخانىلاردىكى ياتاقلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 80% ــ 90% بولغان بولسا ، يىل ئاخىرىغا كەلگەندە پەقەت 50% ئەتراپىدا بولغان . پەقەت قورغاس مېھمانخانىسىنى مسالغا كەلتۈرگەندە ، بۇ مېھمانخانىنىڭ 1992 ــ يىلىدىن بۇيانقى ئۇدا نەچچە يىلدا ياتاقلارنىڭ ئىشلىتىلىش نىسبىتى 90% تىن يۇقىرى بولۇپ كەلگەن . ئەمما كېيىنكى ۋاقىتتا بولسا پەقەت 50% ئەتراپىغا چۈشۈپ قالغان .

ئامان ھۈسيىن (ت)

## قىرغىزىستان ئىقتىسادىدا ئۆتكەن يىل ئىلگىرىلەش بولدى

قىرغىزىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ستاتىستىكا سانىغا قارىغاندا ، قىرغىزىستاننىڭ دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 22 مىليارد 467 مىليون سوم ( بىر ئامېرىكا دوللىرى تەخمىنەن 17 سومغا توغرا كېلىدۇ ) بولۇپ ، 1995 ــ يىلىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 5.6% ئاشقان ، بۇ قىرغىزىستان مۇستەقىل بولغان بەش يىلدىن بۇيانقى دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ تۇنجى قېتىم ئېشىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ .

« قىرغىزىستان مۇھاكىمە گېزىتى » نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا ، 1996 ــ يىلى قىرغىزىستاننىڭ سانائەت مەھسۇلات قىممىتى 9 مىليارد 930 مىليون سوم بولۇپ ، ئالدىنقى بىر يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا 4.6% ئاشقان ؛ دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى 13% ئاشقان ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاشلىق مەھسۇلاتى 45% ئاشقان بولۇپ ، مۇستەقىل بولغاندىن بۇيان تۇنجى قېتىم ئاشلىق بىلەن ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلەشنى ئىشقا ئاشۇرغان ؛ ئىستېمال مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشمۇ 17% ئاشقان . (03)

## ئەرمېنىيە باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتمەكچى

ئەرمېنىيە سودا خادىملىرىنىڭ ئەھۋال تونۇشتۇرۇشىغا قارىغاندا ، ئەرمېنىيە تاموژنا مەھكىمىسى پات ئارىدا باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان ئىمپورت تاۋارلىرىنىڭ دائىرىسىنى كېڭەيتىدىغانلىقىنى قارار قىلغان .

باج كەچۈرۈم قىلىنىدىغان تاۋارلار تۆۋەندىكىچە : تاماكا پىششىقلاش ماشىنىسى ، پاختا تالاسىدىن توقۇلغان ئەرەنچە كىيىم ۋە باللار كىيىملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى، مەخسۇس پاختا ۋە خىمىيىلىك تالادىن توقۇلغان ئايالچە كىيىملەرنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى؛ ئانتىبىئوتىكلار ، ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى ، زەمبۇرۇغ ئۆلتۈرۈش دورىسى ، چۆپ يوقىتىش دورىسى ؛ تېرىشقا ئىشلىتىلىدىغان ياڭيۇ ، مۇئېر زەمبۇرۇغ يىپچىلىرى تېنى ؛ ئاپتاپپەررەس مېيى ۋە ئۇنىڭ دېستىللەنگەن قىسمى ، كوكۇس مېيى ۋە ئۇنىڭ دېستىللەنگەن قىسمى ، پالما مېيى ۋە ئۇنىڭ دېستىللەنگەن قىسمى قاتارلىقلار . (02)

# قىرغىزىستان ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنى يولغا قويماقچى

قىرغىزىستان زۇڭلىسى جۇماگولوۋ بۇ يىل 1 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ، 1997 ـ يىلى قىرغىزىستان ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنى يولغا قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى .

خەلقئارالىق تېلېگرامما ئاگېنتلىقىنىڭ خەۋەر قىلىشىچە ، جۇماگولوۋ ھۆكۈمەت يىغىنىدا سۆز قىلغاندا بۇ ئىپادىنى بىلدۈرگەن . ئۇ ، بۇ يىل قىرغىزىستان 1991 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە بولغان مەزگىلدە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ئىقتىسادنى داۋاملىق ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا ، يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى يولغا قويىدۇ ، ھەمدە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، باشقا دۆلەتلەر بىلەن بولغان ئىقتىسادنى بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش تەرەققىياتىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدۇ ، دېدى .

جۇماگولوۋ ئىككىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى تاماملاش ، كارخانىلارنى خۇسۇسىيلاشتۇرۇش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش ، يەر ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىش ، كىچىك كارخانىلارنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن شەرت شارائىت يارىتىپ بېرىش قاتارلىقلار ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى .

1996 ـ يىلى قىرغىزىستان بىرىنچى باسقۇچلۇق ئىقتىسادىي ئىسلاھات پىلانىنى تاماملاپ ، بازار ئىقتىسادىي تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلدى ، ھەمدە ئىشلەپچىقىرىشنىڭ تۆۋەنلىشىنى توساپ قالدى . (03)

# قازاقىستاندا شامنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى

قازاقىستاندا شامغا بولغان ئېھتىياج ئېشىپ ، شامنىڭ باھاسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى .

قىش كىرگەندىن بۇيان ، قازاقىستاندا ئېنېرگىيە كەمچىل بولۇش ئەھۋالى تېخىمۇ ئېغىر بولۇپ ، نۇرغۇنلىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرى يېقىلغۇ يېتىشمەي ئىش توختاتتى . قازاقىستاننىڭ بەزىبىر ئوبلاستلىرىدىكى ئاھالىلار بىر نەچچە ئايىدىن بۇيان توك ئىشلەتمىدى . پايتەختى ئالمائاتىدىمۇ زور كۆلەمدە توك توختىدى . تالدىقورغان

ئوبلاستىدا بىر تال ئاددىي شامنىڭ باھاسى 14 تەڭگىدىن 40 تەڭگىگە چىقتى ( بىر دوللار 71 تەڭگە ) . توك ئېغىر ھالدا يېتىشمەيدىغان جايلاردا بىر ئاددىي كىرسىن چىرىغىنىڭ باھاسى 1200 تەڭگە بولۇپ ، بىر لېتر كىرسىننىڭ باھاسى 50 تەڭگە بولدى .

# قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ئاستا - ئاستا ياخشىلانماقتا

قازاقىستان دۆلەتلىك ستاتىستىكا ۋە ئانالىز قىلىش كومىتېتىنىڭ دەسلەپكى ستاتىستىكا نەتىجىسىگە قارىغاندا، 1996 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئىقتىسادى ماكرولۇق مۇقىملىقنى داۋاملىق ساقلاپ، دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش قىممىتى ۋە سانائەت، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشلارنىڭ ھەممىسى تۆۋەنلەشتىن توختىغان ھەمدە ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىغان. 1996 ـ يىلى قازاقىستان مۇستەقىل بولغان بەش يىلدىن بۇيانقى تۇنجى قېتىم مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ تېخىمۇ تۆۋەنلىشىنى توساپ قالالىغان يىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. (03)

## قازاقىستان تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىشنىڭ يېڭى قارارىنى يولغا قويدى

قازاقىستاننىڭ تاموژنا بېجىنى كېمەيتىپ كەچۈرۈم قىلىشقا دائىر قارارى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنىدىن باشلاپ كۈچكە ئىگە بولدى.

يېڭى بەلگىلىمىگە ئاساسەن، ھازىر ئۇلارنىڭ ھەر بىرى چەت ئەلدىن باج تاپشۇرماي 70 كىلوگرام مال ئېلىپ كىرەلەيدۇ، يەنە ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يېرىمى كېمەيتىلگەن تاموژنا بېجى بويىچە 270 كىلوگرام مال ئېلىپ كىرەلەيدۇ.

بۇ قارار يەنە پۇقرالارنىڭ شەخسىي ئېھتىياجى ئۈچۈن چەت ئەلدىن ماشىنا سېتىۋېلىشىدا قوشۇلما قىممەت بېجى ۋە تاموژنا بېجىنى كەچۈرۈم قىلدى، ئۇلار پەقەت تاموژنىدىن ئۆتۈش رەسمىيەت ھەققى ۋە ماشىنا باھاسىنىڭ 15% ـــ 25% گىچە ئىستېمال بېجىنى تاپشۇرسىلا بولىدۇ، بۇ سان ماتورنىڭ قۇۋۋىتى ۋە ئىشلىتىلىش ۋاقتىغا ئاساسەن بەلگىلىنىدۇ. چەت ئەلدىن پوچتا ئارقىلىق ئەۋەتىلگەن نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقى 7 كىلوگرامدىن، قىممىتى 200 ئامېرىكا دوللىرىدىن ئاشمىسىلا تاموژنا بېجى تاپشۇرۇش ھاجەتسىز. (03)

# قازاقىستان پاۋلودار ئوبلاستىدا يېڭى نېفتلىكنى تاپتى

قازاقىستاننىڭ بىرىنچى مۇئاۋىن زۇڭلىسى ئىسىنگالىن 1995 ـ يىلى 3 ـ ئايدا زايسان رايونىدا نېفتلىك تاپقاندىن كېيىن، يېقىندا يەنە قازاقىستاننىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى پاۋلودار ئوبلاستىدا يېڭى بىر نېفتلىكنى بايقىغانلىقنى ئېلان قىلدى. پاۋلودار ئوبلاستى سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى بىلەن قوشنا، سېمىپالاتىنسكى ئوبلاستى شىنجاڭنىڭ ئالتاي ۋىلايىتى بىلەن قوشنا، يېڭىدىن تېپىلغان بۇ نېفتلىك يەنە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن رەسمىي قېزىلىشقا باشلاي-

دۇ . دەسلەپكى قەدەمدە قېزىلغان نېفت زاپاس مىقدارى 300 مىليون توننا بولۇپ ، قىممىتى 37 مىليارد ئامېرىكا دوللىرىغا يېتىدۇ . بۇ رايون ھازىر نېفت ئايرىش زاۋۇتى ۋە پاۋلوداردىن چىمكەنتكىچە بولغان نېفت ئاققۇزۇش تورۇبىسىنى قۇرماقتا . مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە ، يېڭى نېفتلىكنىڭ ئېچىلىشى بۇ رايوننىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىدا زور تەرەققىياتلارنى بارلىققا كەلتۈرىدىكەن . مۆلچەرلىنىشىچە ، بۇ نېفتلىكتىن چىقىدىغان خام نېفتنىڭ سۈپىتى ناھايىتى ياخشى بولۇپ ، سىبىرىيە نېفتلىكىدىن چىقىدىغان خام نېفتنىڭ سۈپىتى بىلەن ئانچە پەرقلەنمەيدىكەن . بۇ خام نېفتنىڭ تەركىبىدە مۇم ۋە گۈڭگۈرتنىڭ مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولۇپ ، يېقىلغۇ ماتېرىيالىنى ناھايىتى ئاسانلا ئايرىپ چىققىلى ۋە ناھايىتى كۆپ نېفت مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلىگىلى بولىدۇ . ھازىر چەت ئەللەردىكى بىر قانچە شىركەت ئۆزلىرىنىڭ بۇ نېفتلىككە ئىنتايىن قىزىقىدىغانلىقىنى ، پاۋلودار نېفتلىكىنى ئېچىش قۇرۇلۇشىغا ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان خام نېفتنى قېزىش قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىشقا رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى . (01)

# روسىيىنىڭ تاشقى سودا سوممىسى زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى

روسىيە دۆلەتلىك ستاتىستىكا كومىتېتىنىڭ ماتېرىياللىرىغا قارىغاندا ، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە روسىيىنىڭ تاشقى سودا سوممىسى ( خەلق سودىسىمۇ نەزەردە تۇتۇلىدۇ ) 84 مىليارد 700 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتكەن بولۇپ ، بۇ 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا 90% كۆپ . بۇنىڭ ئىچىدە ئېكسپورت سوممىسى 8% ، ئىمپورت سوممىسى 11% ئاشتى ، سودىدىكى ئاكتىپ بالانس سوممىسى 13 مىليارد 500 مىليون ئامېرىكا دوللىرىغا يەتتى .

روسىيىنىڭ ماشىنا مەھسۇلاتلىرىنى ئېكسپورت قىلىش ئىشلىرى غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە . 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە ماشىنا ئېكسپورت قىلىش مىقدارى 14.1% ( يىراق دۆلەتلەرگە ماشىنا ئېكسپورت قىلىش مىقدارى 18.5% ئاشقان بولۇپ ، بۇنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ) ئاشتى ، 1996 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 7 ـ ئايغىچە نۇرغۇنلىغان ئاساسلىق تاۋارلارنى ئېكسپورت قىلىش مىقدارىنىڭ ئېشىشى 1995 ـ يىلىنىڭ ئوخشاش مەزگىلىدىكىگە قارىغاندا يۇقىرى بولدى .

يىراق دۆلەتلەردىن مال ئىمپورت قىلىش مۇقىم ئاساسىنى ساقلاپ قالدى ، مۇستەقىل دۆلەتلەر بىرلەشمىسىگە ئەزا دۆلەتلەردىن ئىمپورت قىلىدىغان تاۋارنىڭ مىقدارى كۆپەيدى ، لېكىن بىر قاتار كۆرسەتكۈچلەردىن قارىغاندا ، ئالاھىدە يېمەكلىكلەرنى ( ھايۋانات يېغى ، گۆش كونسېرۋاسى ، چاي ۋە شاكالات كەمپۈت قاتارلىقلار ) سېتىۋېلىش كۈچى زور دەرىجىدە تۆۋەنلەپ كەتتى ، ئائىلە جابدۇقلىرى ، كىيىم ـ كېچەك ۋە ئاياق قاتارلىقلارنى ئىمپورت قىلىشمۇ قىسقارتىلدى ، بۇ ئەھۋالنى روسىيە ئاھالىلىرىنىڭ سېتىۋېلىش كۈچى ئاجىزلاپ كېتىشى ۋە روسىيە بازارلىرىنىڭ تويۇنغان ھالىتى كەلتۈرۈپ چىقاردى . (01)

# ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى (قوش ئايلىق ژۇرنال)

1997 - يىللىق 2 - سان (ئومۇمىي 73 - سان)

باشقۇرغۇچى: ش ئۇ ئا ر پەن - تېخنىكا كومىتېتى

نەشر قىلغۇچى: ش ئا ر پەن - تېخنىكا ئاخبارات تەتقىقات ئورنى

تۈزگۈچى: « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇچۇرلىرى » تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا گېزىتى باسما زاۋۇتى

ھەر قايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ

مەملىكەت ئىچىدىكى بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65 — 1133/N

پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 132 - 58 پوچتا نومۇرى: 830011

تېلېفون نومۇرى: 3837994 (0991) باھاسى: 3 يۈەن

ھەر جۈپ ئاينىڭ 25 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي بېيجىڭ يولى 40 - نومۇر